**Вәтәнни сөйүш - иманниң жүмлисидиндур** ۋەتەننى سۆيۈش ـ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر

قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ ئاممىۋى ـ سىياسىي گېزىتى

Общественно - политическая газета
Общественного объединения уйгуров
“Иттипак” Кыргызской Республики

# ИТТИПАК ئىتتىپاق ЫНТЫМАК

№ 11 (877), ноябрь, 2020 г.

2020ـيىل، ئوغلاق ـ 11سان (877)

Газета издается с марта 1994 года

**В НОМЕРЕ:**



Избран новый генеральный жигитбеши
Стр.4



Маарип мәсилиси
8-9-бәтләр



Хасийәтлик бир чүш
11-бәт.



Әлвида, сәнъәткар устаз
15-бәт.



Пор-Бажын.
История крепости
16-бәт.

## Ассамблея народа Кыргызстана отныне при президенте КР

*12 ноября 2020 года в Госрезиденции «Ала-Арча» исполняющий обязанности президента Садыр Жапаров утвердил Концепцию развития гражданской идентичности «Кыргыз жараны». Об этом он заявил на форуме «Единый народ — развитая страна».*

*«Центральная Азия, в том числе Кыргызстан, издревле стал центром различных культур, религий и языков. Великий шелковый путь, укрепивший культурное единство, тоже проходил на этой территории», — сказал С. Жапаров. Он отметил, что в советское время в Кыргызстане проживали более 80 национальностей, которые вместе развивали кыргызскую государственность. «Это результат единства нашего народа и патриотизма. В первые годы независимости Кыргызстан должен был выбрать политику по межэтническому согласию и в 1994 году была создана Ассамблея народов Кыргызстана», — сказал С.Жапаров.*

*«Сегодня независимый Кыргызстан — многонациональная страна, где проживает более 100 этносов, из которых кыргызы составляют 73,0 процента. Наш многонациональный народ строит независимый Кыргызстан в гармонии и единстве. Считаю, долгом государства создать условия для эффективного функционирования международных организаций. В связи с этим я подписал указ о возврате статуса «Ассамблеи народа Кыргызстана» под патронаж Президента КР. В целях повышения эффективности государственной политики в этнической сфере и дальнейшего укрепления единства нашего народа я утвердил концепцию развития гражданской идентичности «Кыргыз жараны» на 2021-2026 годы. Концепция прошла широкое общественное обсуждение и предусматривает полную свободу для развития родного языка, развития этнических ценностей через культуру. Государственный язык при этом должен стать проводником между другими национальностями. Каждый гражданин должен знать и свой язык, и официальный, и иностранный. Многообразие — наше богатство», — заключил Садыр Жапаров.*

***АКИпресс***

## قىرغىزستان خەلقى ئاسسامبلېيەسى قىرغىز رېسپۇبلىكىسى پرېزىدېنتىنىڭ قارمىقىدا بولىدۇ

2020 ـ يىلىنىڭ 12 ـ نويابىر كۈنى «ئالا ـ ئارچا» دۆلەت رېزىدېنسىيەسىدە فوروم بولۇپ ئۆتتى. بۇ فورومدا ۋاقىتلىقچە پرېزىدېنت لاۋازىمىنى ئاتقۇرۇۋاتقان سادىر جاپاروۋ «قىرغىز جارانى» نامى ئاستىدا گراژدانلىقنىڭ تەرەققىي قىلىش يۆنىلىشىنى تەستىقلىدى. بۇ توغرۇلۇق ئۇ موشۇ فورومدا سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «مەركىزىي ئاسىيە شۇنىڭ ئىچىدىن قىرغىزستان بۇرۇندىن تارتىپ هەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ، دىنلارنىڭ ۋە تىللارنىڭ مەركىزى بولغان. مەدەنىي ئالاقىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چوڭ رولنى ئوينىغان. ئۇلۇق ئىپپەك يولى بىزنىڭ يېرىمىزدىن ئۆتكەن.

سوۋېت پەيتىدە 80دىن ئوشۇق مىللەتلەر قىرغىزستاندا ياشىغان ۋە ئۇلار قىرغىز دۆلىتىنىڭ رىۋاجلىنىشىغا ئۆزلىرىنىڭ هەسسىلىرىنى قوشقان. مانا موشۇ بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىغىنىڭ ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىگىنىڭ نەتىجىسى».




سادىر جاپاروۋ ئۆز سۆزىدە قىرغىزستان خەلقى ئاسسامبلېيەسىنىڭ مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى مۇستەهكەملەشتە تۇتقان رولىنى ئالاهىدە تەكىتلەپ ئۆتتى.

«بۈگۈنكى مۇستەقىل قىرغىزستان ـ كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت، بۇ يەردە 100دىن ئوشۇق مىللەتلەر ياشايدۇ، شۇلارنىڭ ئىچىدىن 73% قىرغىزلار تەشكىل قىلىدۇ. بىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك خەلقىمىز مۇستەقىل ۋە كەڭ تۈردە رىۋاجلىنىۋاتقان قىرغىزستاننى قۇرۇۋاتىدۇ. موشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن قىرغىزستان خەلقى ئاسسامبلېيەسىنىڭ بۇرۇنقى دەرىجىسىگە، يەنى قايتا قىرغىز رېسپۇبلىكىسى پرېزىدېنتىنىڭ قول ئاستىغا قايتۇرۇلۇشى توغرۇلۇق بۇيرۇققا قول قويدۇم.

2021 ـ 2026 ـ يىللارغا مۆرچەرلەنگەن، مىللەتلەر سەھاسىدىكى دۆلەت سەياسىتىنى تەرەققىي قىلىشقا ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىغىنى مۇستەهكەملەشكە قارىتىلغان «قىرغىز جارانى» گراژدانلىق مەخسەت يۆنىلىشىنى تەستىقلىدىم. دۆلەت تىلى مەملىكىتىمىزدىكى هەر خىل مىللەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىسىنى باغلايدىغان تىل بولۇشى كېرەك. هەر بىر بىزنىڭ پۇخرالىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى، دەلەت تىلىنى ۋە چەت ئەل تىلىنى بىلىشى كېرەك»، ـ دەپ ئۆز سۆزىنى تۈگەتتى سادىر جاپاروۋ.

ئاكىپرېس

www.uyghurkitap.com



# Шәрқий Түркистан жумһурийәтлириниң қурулған күни өткүзилди

XX – әсир уйғур хәлқиниң миллий-азатлиқ һәрикитиниң тарихида хитай мустәмликичилиригә қарши турушта әң муһим жиллар болди. Чунки, мошу әсирдә – 1933-жили,



12-ноябрда Шәрқий Түркистан ислам жумһурийити вә 1944-жили, 12-ноябрда Шәрқий Түркистан жумһурийәтлири қурулған. 12-ноябрь күни мошу дөләтләрниң қурулған күнлириниң 87 вә 76 – жиллиқлири уйғурлар яшаватқан чәт әлләрдә кәң миқияста нишанланди. Қирғизстандиму бу икки уйғур дөләтлириниң қурулған күни кәң түрдә нишанлап өтүлди. 12-ноябрь күни Бишкәк шәһири, «Аламедин-1» районининң мәдәний-мәрипәт өйидә Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң уюштуруши билән мошу икки уйғур дөләтлириниң қурулған күнигә беғишланған тәнтәнилик жиғин болуп өтти. Бу жиғинға Бишкәк шәһири, униң әтрапидики йеза вә қишлақлардин кәлгән уйғур жамаәтчилигиниң жигитбешилири, активистлири, һөрмәтлик ақсақаллири, аяллар вә яшлар қатнашти. Вақитлиқ Қирғизстан һөкүмитиниң жиғини мунасивити билән Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң рәиси Әскәр Қасими бу жиғинға қатнишалмай қалди. Жигин риясәтчиси, «Иттипақ» гезитиниң баш муһәррири Әкбәржан Бавудун жиғинни ачқандин кейин вәтән үчүн шейит болғанларға атап һәтмә-қурьан оқулди вә Шәрқий Түркистан жумһурийитиниң «Истиқлал» гимни яңриди.



Әкбәр Бавудун

Риясәтчи икки уйғур дөләтлири қурулғанлиғиниң қисқичә тарихи бойичә доклад қилди вә у докладтин кейин «Иттипақ» жәмийити намидин Шәрқий Түркистан миллий армиясиниң жәңчиси Аблимит ака Бәкриевка соға тапшурди.

Кейинки сөз Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң сабиқ рәиси, Дуния Уйғурлири Курултейиниң Қирғизстандики вәкили Розмәһәммәт Абдулбақиевқа берилди.

Натиқ кириш сөзидә жиғин қатнашчилирини икки Шәрқий Түркистан жумһурийәтлириниң қурулған күни билән тәбрикләп, һазирқи күндә хитай мустәмликичилириниң вәтинимиз



Розмәһәммәт Абдулбақиев

Уйғуристанда жүргүзиватқан вәһший геноцид сәясити үстидә тохтулуп, һазирқи күндә Дуния Уйғурлири Курултейиниң (ДУҚниң) хәлиқара мәйданда Хитайниң бүгүнки күндә уйғур хәлқигә қарши қоллиниватқан мудһиш сәясәтини паш қилишта жүргүзиватқан актив паалийитини тәкитләп өтти. Өткәнки жилларда вә һазирқи пәйттә хитай коммунистлириниң вәтинимиздә уйғур хәлқигә қарита жүргүзиватқан қиргинчилик сәясәтини паш қилидиған һөжжәтлик фактлар бүгүнки күндә наһайити көп вә йетәрлик. Мана мошу көплигән фактлар асасида ДУҚ Си Цзиньпин башлиқ Хитай һөкүмитини Хәлиқара сотқа тартиш



Шәрқий Түркистан миллий армиясиниң жәңчиси Аблимит ака Бәкриев

һәрикитини қилмақта. Хитайниң Хәлиқара сотқа тартиш ишиға әң уста, билимлик вә тәжрибилик юристлар, адвокатлар вә уларға төләйдиған мәбләғләр тәләп қилиниду. ДУҚниң вәкили өз сөзиниң ахирида Хитайни хәлиқара мәйданда әпту-бәширисини паш қилидиған бу алийжанаб ишқа һәрбир уйғурниң ДУҚқа ихтисадий ярдәм беришигә муражиәт қилди.

Жиғин күн тәртиви бойичә интернетниң онлайн алақиси арқилиқ жиғин иштирақчилири ДУҚ рәиси ДолкунӘйсанинтәбриксөзиниаңлашқа муйәссәр болушти. Долкун Әйса жиғин қатнашқучилирини Шәрқий Түркистан жумһурийәтлириниң қурулған күни - 12-ноябрь күни билән сәмимий тәбрикләп, һазирқи күндә ДУҚниң хәлиқара мәйданда хитай тәжавузчилириға қарши қандақ паалийәтләрни елип бериватқанлиқлири тоғрисида тәпсилий сөзләп өтти. У өз сөзидә Хитайниң мустәмликичилик әпту-бәширисини хәлиқарада паш қилидиған фактларни ДУҚ тәрәптин тәйярливатқанлиғини вә бу һөжжәтлик фактлар асасида Хитай һөкүмитини Хәлиқара сотқа тартишқа ДУҚ тәрәп чоқум һәрикәт қиливатқанлиғини тәкитләп өтүп, жилдин-жилға уйғур мәсилисиниң дуния миқиясида өсүватқанлиғини вә бүгүнки күндә Хитайниң дуния юзидә алдамчилиқ, һелигәрлик вә сахтивәзлик сәяситини дәлилләйдиған фактлар үстидә тохталди.

Кейинки сөз Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң сабиқ рәиси Дилмурат Әкбәровқа берилди. У жиғин қатнашчилирини Шәрқий Түркистан дөләтлириниң қурулған күни билән тәбрикләп, ДУҚниң хәлиқарада жүргүзиватқан паалийитини қоллап - қувәтләшкә, униңға ихтисадий ярдәм беришкә, Қирғизстан уйғурлирини иттипақлишишқа вә актив сәясий аң - сезим болушқа чақирди.Риясәтчи Әкбәржан Бавудун барлиқ жиғин қатнашқучилириға бу жиғинға актив қатнашқанлиғи үчүн өзиниң миннәтдарлиғини билдүрди.



Дилмурат Әкбәров



*(Давами 3-бәттә)*

Иттипақ
Главный редактор: Акбаржан Баудунов
باش مۇھەررىر: ئەكبەرجان باۋۇدۇن
Зам. редактора: Абдурахим Хапизов, Осман Турдиев
مۇئاۋىن مۇھەررىرلەر: ئابدۇرەھىم ھاپىزى، ئوسمان تۇردىيېۋ
Редколлегия: Музаппархан Курбанов, Мухаммеджан Ясынов, Сабиджан Бабаджанов
تەھرىر ھەيئىتى: مۇزەپپەرخان قۇربانوۋ، مۇھەممەدجان ياسىنوۋ، سابىتجان باباجانوۋ
Дизайнер - верстальщик: Зумрат Рузиева
دىزايىنېر - ۋېرستالشىك: زۇمرەت رۇزىېۋا
Набор текста: Зумрат Рузиева
تېكىستنى ئابۇر قىلغان: زۇمرەت رۇزىېۋا

Материалы, опубликованные в газете, являются собственностью редакции. Письма, рукописи не рецензируются и не возвращаются. Авторы опубликованных материалов несут ответственность за подбор и точность приведенных фактов. Редакция может публиковать статьи в порядке обсуждения, не разделяя точку зрения автора. Ответственность за содержание статей и рекламы редакция не несет.
گېزىتتە ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارنىڭ جاۋابكارلىقى مۇئەللىپ ئۈستىدە.

Учредитель:
Общественное объединение уйгуров «Иттипак» Кыргызской Республики
ساھىبى:
«ئىتتىپاق» جەمئىيىتى
Свидетельство о перерегистрации 682, серия ГРП, номер 000833 Министерство юстиции КР
Отпечатано в типографии «Центр поддержки СМИ». Заказ №1473, тираж 3300
г. Бишкек, АНК, Дом Дружбы, ул. Пушкина, 78
инд. :720040
Тел.: 62-04-50
66-40-04

# Деятельность Комитета женщин ООУ КР «Иттипак»

*Роль уйгурской женщины в современном обществе уже не ограничивается семьей. Многие наши женщины активно участвуют в общественной*



**Турсунай Касымова**

*жизни Общества уйгуров Кыргызской Республики «Иттипак».*

*Здесь стоит отметить работу Комитета женщин ООУ КР «Иттипак» под председательством Турсунай Касымовой, которая работает на этой должности с октября 2019 года. До назначения на должность председателя Комитета она была активисткой микрорайона «Аламедин-1». В мае 2017 года за активное участие в жизни Общества уйгуров «Иттипак» уйгурская общественность микрорайона «Аламедин-1» избрала Турсунай Касымову председателем Совета женщин.*

*За годы ее работы Комитет женщин участвовал на заседаниях ООУ КР «Иттипак», участвовал в различных акциях, праздничных мероприятиях, посвященные Дню пожилых людей, чествования ветеранов Национальной армии Восточно Туркестанской Республики.*



**Патигуль Рахматова**



**Мукарам Садыкова**



**Гульниса Аюпова**



**Гульбахар Алиева**



**Захида Кадырова**



**Женсовет 11 микрорайона.г. Бишкек**

*Организовывал первую помощь для семей, находящихся в трудной жизненной ситуации, проводил мероприятия, посвященных Дню матери, Дню родного языка.*

*За последние два года была упорядочена работа председателей советов женщин в местах компактного проживания уйгуров, вносилась корректировка в их деятельность, оживлена их работа. Создались новые советы женщин в местах, где раньше они отсутствовали, и началась их работа. В октябре месяце 2019 года председателем Совета женщин села Восток была избрана Патигуль Рахматова; председателем Совета женщин села Васильевка – Мукарам Садыкова; председателем Совета женщин села Кок-Джар – Гульниса Аюпова. В феврале месяце 2020 года председателем Совета женщин махалли Верхний Токульдош была избрана Гульбахар Алиева; председателем Совета женщин микрорайонов 6,11,12 и «Асанбай» г.Бишкек была избрана Захида Кадырова.*

*Председатель Комитета женщин Общества уйгуров «Иттипак» Турсунай Касымова помимо своих прямых обязанностей сама активно участвует в различных культурно-благотворительных мероприятиях, организованных Обществом «Иттипак», показывая пример служения Обществу и своему народу.*

*Для уйгуров издревле женщина воплощала в себе символ добра, плодородия и хранительницы домашнего очага. Сегодня её статус в Обществе возвысился. Женщина - активный созидатель нашего Общества.*

*Мы от всей души желаем всем членам Комитета женщин Общества уйгуров «Иттипак» крепкого здоровья и успехов во благо нашего Общества.*

**Мавлюдаханум Ахметова,**
**г.Бишкек**

# Шәрқий Түркистан җумһурийәтлириниң қурулған күни өткүзилди

*(Ахири. Беши 2-бәттә)*

Бу өткүзүлгән жиғин жуқури миллий ғурурда вә вәтәнпәрвәрлик роһта өтти. Бишкәк шәһиридин ташқири Қирғизстанниң җәнубий вилайәтлиридиму Шәрқий Түркистан җумһурийәтлириниң қурулған күнигә беғишланған тәнтәнилик жиғинлар болуп өтти.

«Иттипақ» җәмийитиниң Җалал-Ават вилайити бойичә шөбә рәиси Әлишер Насирахуновниң рәһбәрлигидә уюштурулған жиғин Җалал-Ават шәһиридә өтти. Ош вилайити бойичә шөбә рәиси Хамидулла Масадиков башчилиғида Қәшқәр - Қишлақ йезисида Қәшқәр-Қишлақ йезиси вә Өзгән шәһири җамаәтчилигиниң жиғини болуп өтти. Қирғизстанниң һәр хил районлирида өткүзилгән бу жиғинлар Қирғизстан уйғурлириниң миллий ғурурини вә вәтәнпәрвәрлигини дәлилләйдиған яркин бир испатидур.



*Җалал-Ават шәһиридә өткүзүлгән жиғинниң қатнашчилири*



*Қәшқәр-Қишлақ йезисида өткүзүлгән жиғинниң қатнашқучилири*

**Абдурәхим Һапизи.**
**Муәллипниң фотосүрәтлири вә җәнубтин әвәтилгән фотосүрәтләр**

# Избран новый генеральный жигитбеши Общества «Иттипак»

18 ноября 2020 года состоялось заседание жигитбеши махаллей ООУ КР «Иттипак», на котором избрали нового генерального жигитбеши Общества уйгуров Кыргызской Республики «Иттипак».

В ходе прений данного заседания единогласно был избран новый генеральный жигитбеши Азат Камалов, который в течении 5 лет проработал заместителем генерального жигитбеши ООУ КР «Иттипак». Заместителем генерального жигитбеши единогласно избран Сыдыкжан Юсупходжиев – жигитбеши махалли ТЭЦ. После смерти покойного генерального жигитбеши Мирзакима Абдулова, Азат Камалов последние 5 месяцев успешно выполнял обязанности генерального жигитбеши Общества. С 2004 года Азат Камалов является одним из активных жигитбеши ООУ КР «Иттипак» махалли микрорайона «Восток-6» г. Бишкек. Он родился 21 января 1952 года в г.Урумчи (СУАР) в семье военнослужащих. Его отец Баки Камалов был военным в звании майора Национальной армии Восточно-Туркестанской Республики (ВТР). Мама кадровый работник Национальной армии ВТР. В 1959 году семья Камаловых переехала в СССР в Киргизию в г.Фрунзе.



В 1970 году он окончил СШ №4 г.Фрунзе. Затем был призван в ряды Советской армии. После службы в армии в 1975 году получил средне-профессиональное образование. Окончил курсы подготовки мастеров ШРМ №9 г Фрунзе по специальности мастер-металлист. В 1975-1986гг. работал мастером и резчиком на заводе «Айнур». Затем завмагом в Горплодоовощторг №2. После распада СССР в 1990-2000 гг. занимался индивидуально-предпринимательской деятельностью. По роду своей деятельности посетил многие зарубежные страны: Турцию, Индию, Иран, Сирию, ОАЭ, КНР и другие страны.

Азат Камалов женат, со своей супругой Ажарбанум вырастили двух сыновей и дочь, имеют девять внуков. В данное время он на пенсии и активно занимается общественной работой.

Общество уйгуров КР «Иттипак» поздравляет Азата Камалова с избранием его на ответственную общественную должность - генерального жигитбеши Общества уйгуров Кыргызской Республики «Иттипак» и желает ему крепкого здоровья и успехов в общественной деятельности.

**Мавлюдаханум Ахметова, г.Бишкек**

# Қазақстан уйғурлири «Шәрқий Түркистан җумһурийәт күни» ни хатирилиди

Кейинки вақитларда Қазақстанда корона вируси ағриғиға сәвәвидин бехәтәрлик тәдбирлириниң қайтидин чиңитилишқа башлиғанлиғи мәлум

Шу мунасивәт билән тегишлик органлар жай-жайларда аһалиниң бир йәргә жиғилишиниң алдини елиш мәқситидә тәкшүрүш-контрол қилиш ишлирини күчәйткән еди. Шу түпәйли бу жили Алмута шәһириниң бирәр рестораниға жәм болуп, адәттикидәк қурьан тилавәт қилиш һәмдә уйғур вәзийити һәққидә музакирә қилиш вақитлиқ тохтитилған еди. Шуниң үчүн қазақстанлиқ уйғурлар бу жил икки жумһурийәтни хатириләш паалийитини башқичә шәкилдә өткүзүшкә мәжбур болди.

Егилишимизчә, мәмликәтниң һәр хил районлирида яшаватқан қазақстанлиқ уйғурлар бу байрамни аилилири, сәпдашлири яки юртдашлири билән өткүзүп, 20-әсирдики икки қетимлиқ «Шәрқий Түркистан жумһурийити»ни хатирилигән һәмдә азатлиқ, мустәқиллиқ үчүн қурбан болғанларға атап қуръан-тилавәт қилишти. Бу паалийәтләр Дуния Уйғур Қурултейиниң Қазақстандики вәкиллири тәрипидин уюштурулған.

Алмута шәһириниң Түрксиб районида яшаватқан жигитбеши Рәһимжан Мәнсуров әпәнди радиомиз зияритини қобул қилип, мундақ деди: «бизниң жанкөйәр кериндашлиримиз чәт мәмликәтләрдә вәтән үчүн кечәкүндүз хизмәт қиливатиду. Дуния Уйғур Қурултейиниң Қазақстандики вәкиллири Әркин Әхмәтов, Қәһриман Ғожамбәрди вә башқиму жанкөйәрләр нурғун. Биз һәр жили уйғурлиримизниң бешиға кәлгән күнләрни әсләп, нәзир-чирақлар билән хәлқимизгә буни тонуштуруватимиз. Мошундақ шараитларда һәр бир уйғур мәблә жиғиш вә башқиму һәр түрлүк оқәтләрдә бирликтә хизмәт қиливатиду. Қазақстан жумһурийитиниң кәңчиликлиригә лайиқ оқәтләрни қиливатимиз. Мошундақ күнлиримизни келәчәк



әвлатлиримиз һеч қачан унтумисун».

Алмута вилайитиниң Уйғур наһийәсигә қарашлиқ Чонжа йезисида яшаватқан, тонулған сәнъәткар Сәйдалим Амутов әпәндиниң пикричә, дунияниң һәр қайси мәмликәтлиригә териктәк чечилип кәткән уйғурлар өзлириниң ана вәтининиң азатлиғи, мустәқиллиғи үчүн күрәшни бир дәқиқиму тохтатмай келиватиду.

Сәйдалим Амутов мундақ деди: «Эрамизниң 4-әсиридә грек алими Симонид Кийос: *‹Адәм балиси толуқ бәхитлик болуши үчүн униңға алди билән вәтән керәк›*, дегән. Шуниң үчүн биз тарихий вәтинимизни әсләймиз, сеғинимиз, униң азат болушини халаймиз. Шу күнләрму йеқинлишип қалғандәк билиниватиду. Бу жил биз жумһурийәт байримимизни алаһидә өткәздуқ, алаһидилиги шуниңдики, һазир шу хитай вирусиниң дунияға таралған бир алаһидә мәзгилидә, бу байрамни йепиқ даиридә өткәздуқ. Шу заманларда атилиримиз қанчилик қанларни кечип, вәтәнни азат қилмиған дәйсиләр? Әмма, қара ит билән ақ итниң һелигәрлиги арқисида вәтән қайтидин шуларниң қолиға чүшүп қалди. Бирақ мән һес қилдимки, һазирқи вақитта хитайниң бу вәһший сәясити пүтүн дуния сәзди.» У қазақстанлиқ уйғурларниң дуниядики уйғур вәзийити, уйғурларниң өтмүш тарихи вә миллий-азатлиқ күриши, Хитайниң уйғур елидики бастуруш сәясити һәққидики мәлуматларни сәясәтшун Қәһриман Ғожамбәрдиниң давамлиқ тарқитип келиватқан ахбаратнамисидин хәвәрдар болуватқанлиғини тәкитлиди. Сәйдалим Амутовниң ейтишичә, уйғур вә рус тиллирида тарқитилидиған мәзкур ахбаратнаминиң бу қетимқи санида икки қетимлиқ «Шәрқий Түркистан жумһурийити» ниңтәғдири тәпсилий йорутулған болуп, бу оқурмәнләр арисида, ижтимаий таратқуларда күчлүк инкас қозғимақта.

Радиомиз зияритини қобул қилған Дуния Уйғур Қурултейиниң Қазақстандики вәкиллиридин бири Гүлистан Амраева ханим мундақ деди: «бүгүн икки жумһурийәт күнини нишанлап өттуқ. Шу икки инқилап күрәшлиридә өзлириниң женини аймай, иссиқ қанлирини төккән әждатлиримизни қәдирләш бу бизниң бурчимиз. Иккинчи жумһурийәттин кейин 76 жил өтүпту. Залим хитай зулумидин азап чәккән хәлқимиз һөрлүккә йетәлмиди. 2016-жилдин тартип Хитай һөкүмити вәтинимиздә иркий қирғинчилиқ жүргүзүп кәлмәктә. Биз ана вәтинимиз - Уйғуристанимиз азат болғучә күрәш қилишимиз лазим».

Мәлум болушичә, 1944- қурулған Шәрқий Түркистан жумһурийити Совет вә коммунист Хитайниң тил бириктүрүши билән йоқутулғандин кейин, көплигән һөкүмәт әзалири һәмдә миллий армияниң жәнчи - офицерлири башқа мәмликәтләргә, шу жүмлидин Қазақстанға чиқип кетишкә мәжбур болған. Вақитниң өтүши билән уларниң мутләқ көп қисми аләмдин өткән болуп, һазир шу вақит шаһитлирини тепишму оңай әмәс.

**Ойған**

## گېرمانىيەدە ئىككى جۇمھۇرىيەتنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ خاتىرە كۈنى ئىستىقلال مارشىنى ئېيتىش ۋە بايراق چىقىرىش بىلەن خاتىرىلەندى. د ئۇ ق نىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۈگۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە جامائىتى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە 1933 ـ 1944 ـ يىللىرى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكتە. مىيۇنخېن شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ شەھەرنىڭ ساياھەت مەركىزىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستىقلال مارشىنى ئېيتىش ھەمدە 10 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بايراق خادىسىغا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى چىقىرىش ئارقىلىق بۇ مۇبارەك كۈننى قۇتلۇقلىدى.

خىتايدىن تارالغان كورونا ۋىرۇسىنىڭ 2 ـ قېتىملىق يۇقىرى دولقۇنى سەۋەبلىك مىيۇنخېن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى 20 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا توپلىشىپ پائالىيەت قىلىشىنى چەكلىگەن ئىدى. د ئۇ ق رەھبەرلىرى بۇ بەلگىلىمىگە بىنائەن ئىككى جۇمھۇرىيەتنى خاتىرىلەش مۇراسىمىغا كۆپ كىشىلەرنىڭ كەلمەسلىكىنى ئۇقتۇرغان بولسىمۇ، كەلگەنلەرنىڭ سانى يەنىلا كۆپ ئىدى. ئۇيغۇرچە ئەتلەس كۆينەك ۋە دوپپىلارنى كىيىشكەن ياش ـ ئۆسمۈرلەر ھەمدە سەبىيلەر ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىستىقلال مارشىنى تەسىرلىك بىر شەكىلدە ئېيتىش چىقتى.

د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى بۈگۈنكى بۇ ئىككى جۇمھۇرىيەتنى خاتىرىلەش مۇراسىمىنىڭ مۇقەددىمىسىدە قىلغان سۆزىدە، بۇ شانلىق تارىخنى ياراتقان ئەجدادلارنى ئەسلەش ۋە كەلگۈسىدە قۇرۇلغۇسى



يېڭى جۇمھۇرىيەتنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بۇندىن 87 يىل ئىلگىرى قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بىلەن 76 يىل ئىلگىرى غۇلجادا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھرىيىتىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى ھەر يىلى چوقۇم ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

بۈگۈنكى پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلغان د ئۇ ق نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پەرھات مۇھەممىدى ئەپەندى بۇ ھەقتە توختالغاندا، تۆرلۈك چەكلىمىلەرگە قارىماي 2 جۇمھۇرىيەتنى خاتىرىلەش مۇراسىمىنىڭ نەتىجىلىك ئۆتكەنلىكىنى تىلغا ئالدى. پائالىيەتكە قاتناشقان ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىمۇ ئۆز تەسىراتىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

ئەكرەم

## د ئۇ ق رەھبەرلىرى ئامېرىكا دىپلوماتلىرى بىلەن تور سۆھبىتى ئېلىپ باردى

د ئۇ ق رەھبەرلىرى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇھىم ئەربابلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ باردى.

9 ـ نويابىر گېرمانىيەگە خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگەن ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى كونسۇللار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيونىڭ مەسلىھەتچىسى ئۇلرىك برەھبۇل ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بىلەن د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدىكى قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى ئارىسىدا تور سۆھبىتى بولۇپ ئۆتكەن. سۆھبەت ئامېرىكانىڭ بېرلىندىكى باش ئەلچىخانىسى بىلەن مىيۇنخېندىكى كونسۇلخانىسى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان. سۆھبەتكە ئامېرىكانىڭ مىيۇنخېندىكى باش كونسۇلى مېگان گرەگونس خانىم قاتارلىقلارمۇ ئىشتىراك قىلغان.

د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنىڭ بىلدۈرۈشچە، بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېغىر ۋەزىيىتى ئاساسلىق تېما بولغان. سۆھبەت جەريانىدا ئەرەب، ئىسلام دۇنياسىنىڭ سۈكۈتلىرى ۋە بۇنى قانداق بۇزۇش مەسىلىرىمۇ مۇزاكىرە قىلىنغان. ئۇلرىك برەھبۇل ئەپەندى سۆزىدە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە داۋاملىق ئىگە چىقىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيونىڭمۇ خەۋىرى بولغان. ئۇلرىك برەھبۇل ئەپەندى سۆھبەت خاتىمىسىدە مايك پومپېيونىڭ ئۇيغۇرلارغا يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزگەن. دولقۇن ئەيسا ئەپەندىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ



مايك پومپېيونى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇلرىك برەھبۇل ئەپەندى بولسا «مايك پومپېيومۇ ئۇيغۇرلارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ قېتىمقى تور سۆھبىتىگە د ئۇ ق نىڭ پروگراممىا يېتەكچىسى زۇمرەتئايمۇ قاتناشقان بولۇپ، ئۇ سۆھبەتنىڭ مول مەزمۇنلۇق، تەسىرلىك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى تىلغا ئالدى.

مەلۇم بولغىنىدەك، ئالدىنقى بىر ھەپتە ئامېرىكانىڭ گېرمانىيەدىكى باش ئەلچىخانىسى ۋە مىيۇنخېندىكى كونسۇلخانىسى بىرلىكتە «ئۇيغۇر ھەپتىلىكى» پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، تور سۆھبىتى شەكلىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ پائالىيەتمۇ ئەلچىخانا ۋە كونسۇلخانىنىڭ تور سەھىپىسى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كەڭ تارقىلىپ ياخشى تەسىر قوزغىغانىدى.

ئەكرەم

## مالايشىيا ئۇيغۇرلارنى قوغلىماسلىقتا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن

مالايشىيا پارلامېنتى خىتايدىن قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنى بېيجىڭ دائىرىلىرى بىۋاستە تەلەپ قىلغان تەقدىردىمۇ ھەرگىز تاپشۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

«جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتا گېزىتى» نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، مالايشىيانىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى مالايشىيا باش ۋەزىر باشقارمىسىدىكى مىنىستىر موھىد رېدزۇئان يۇسۇفنىڭ بىر پارلامېنت ئەزاسىنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدىكى سوئاللىرىغا قايتۇرغان جاۋابىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ يىل سىنتەبىردىن بۇيان مەخپىي تۇتۇلغان مەزكۇر جاۋاب مالايشىيا پارلامېنتىنىڭ تور بېتىدە ئېلان قىلىنغان.

روبېتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ نەقىل قىلىشىچە، موھىد رېدزۇئان جاۋابىدا مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى مالايشىياغا پاناھلىق تىلەپ كەلگەن بولسا، مالايشىيا خىتاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەلىپى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنى قايتۇرماسلىقنى قارار قىلدى.»

مالايشىيا ئاقىللار ئامبىرى ـ ئەمىر تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ۋە باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى رايىس ھۈسەيىن مالايشىيانىڭ بۇ مەسىلىدە قەتئىي تۇرغانلىقىنى ماختىدى.

موھىد رېدزۇئان مالايشىيانىڭ



پېرىكاتان ناسيونال ھۆكۈمىتىنىڭ مىنىستىرى بولۇپ، ئۇ بۇ يىل فېۋرالنىڭ ئاخىرىدا ماخاتىر مۇھەممەد ئىتتىپاقىنى سىياسىي ئۆزگىرىش بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىغان.

ماخاتىر باش ۋەزىر بولغان مەزگىلدە، 2018 ـ يىلىدىن بۇ يىل فېۋرالغىچە، خىتاينىڭ قايتۇرۇپ بېرىش تەلىپىگە پىسەنت قىلماي، تۈرمىدىكى 11 ئۇيغۇرنى قويۇپ بەرگەن. بۇ ھەرىكەت خىتاينى غەزەپلەندۈرگەنىدى.

جۇمە

## روشەن ئابباس خانىم خەلقئارا جەمئىيەتنى ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قىلمىشلارنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ تونۇشقا چاقىرغان

ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ پرېزىدېنتى روشەن ئابباس خانىم خەلقئارا جەمئىيەتنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ تونۇشقا چاقىرغان.

«زېي5» خەۋەر تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئۇ بۇ سۆزلەرنى 13 ـ نويابىر تۈركىيە پايتەختى ئەنقەرەدە مېدىيا ساھەسىگە بەرگەن باياناتىدا ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ سۆزىدە مىليونلىغان ئۇيغۇرنىڭ جازا لاگېرلىرىغا قامالغانلىقى، ئۇلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك زاۋۇتلىرىدا قۇللۇقتا مەجبۇرلانغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن.

ئۇ، تۈركىيەدىكى بىر مۇخبىرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە خەلقئارا جەمئىيەتتىن بۇنىڭغا قارشى مۇۋاپىق ئىنكاس كۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ چەتئەل بازىرىغا كىرىشىنىڭ ئالدىنى خەلقئارا قانۇنلار ئارقىلىق ئېلىش كېرەك.»

ئۇ يەنە خەلقئارا جەمئىيەتتىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى قىلمىشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ مۇنداق دېگەن: «1948 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن ماقۇللانغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش ئەھدىنامىسىگە ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ئىشلار بىر ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر.




بۇنداق بىر ئەھۋالنى ‹ئىرقىي قىرغىنچىلىق› دەپ ئىزاھلايدىغان بەش ماددا بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتىدۇ.»

روشەن ئابباس، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسەتلىرىنى ئاشكارا تەنقىد قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرى خىتاينىڭ زەربە بېرىش نىشانىغا ئايلانغان ۋە ئۇنىڭ ھەدىسى دوختۇر گۈلشەن ئابباس 2018 ـ يىلى ماي ئايلىرىدا تۇتۇپ كېتىلگەن ئىدى.

جۇمە

uyghurkitap.com



## «Уйғур қирғинчилиғини тохтитиш һәрикити» Әнглия парламент әзалирини Хитайниң зулумини тохтитишқа чақирди

Уйғурларға қаритилған қирғинчилик мәсилилири бойичә паалийәт қилидиған «Уйғур қирғинчилиғини тохтитиш һәрикити» тәшкилати Әнглия һөкүмитини уйғурлар учраватқан зулумни тохтитиш үчүн йәниму кәскин тәдбирләрни елишқа чақирди. Улар 9-ноябрь күни елан қилған баянатида Америкида



президентлик сайлими елип берилип «дуния сәясити һалқилиқ пәйт» кә кәлгән мошундақ бир вақитта барлиқ тәрәпләрни бир йәргә җәм болуп уйғурларни қутқузуш үчүн һәрикәт қоллинишқа дәвәт қилди.

Баянатта төвәндики 5 хил тәләп оттуриға қоюлған: «Б Д Т ниң алаһидә мутәхәссислириниң дәрһал уйғур районидики кишилик һоқуқ әһвалини тәкшүрүп, доклад елан қилишини тәләп қилиш; Уйғур районидики уйғур вә башқа мусулман аз санлиқларға қаритилған инсанийәткә қарши туруш жинайити вә иркий қирғинчилик үстидин мустәқил һалда қануний тәкшүрүш елип бериш; иттипақдаш дөләтләр билән маслашқан асаста жаза тәдбирлири вә Магнитский қануни қатарлиқ дөләт ичи вә сиртидики жинайәтчиләргә қаритилған кишилик һоқуқ жазалири арқилиқ Хитайни жавабкәрликқа тартиш; уйғурларниң зиянкәшликкә учришиға пурсәт яритип бериватқан ширкәт вә органларға қарита тәдбир қоллинип, Хитайдин мәһсулат яки запчас импорт қилидиған ширкәтләрниң тәминләш зәнжирини тәкшүрүп, Уйғур районидин келиватқан яки Хитайниң һәрқандақ йеридә уйғурларниң мәжбурий әмгәк күчи ишлитилгән тәминләш зәнжирлири билән алақисини үзүшни тәләп қилиш; зиянкәшликтин қачқан барлиқ уйғурларни Әнглия көчмәнләр ишлири системиси қатарлиқлар арқилиқ беваситә ярдәм билән тәминләш».

Әнглиядики уйғур паалийәтчиси Рәһимә Маһмут ханимниң бизгә ейтишичә, Дуния Уйғур Курултейиниң Әнглия шөбисидики мәслиһәтчиләр групписи уйғур мәсилисини жанландуруш вә Әнглия һөкүмитигә қилиниватқан чақириқларни йеңилаш мәқситидә бир қатар кәспий кишиләр билән биргә Әнглийәдә «уйғур қирғинчилиғини тохтитиш һәрикити» ни башлиған болуп, бу баянат бу һәрикәт нами астида қайтидин елан қилинған.

«Уйғур қирғинчилиғини тохтитиш һәрикити» гә баш директор қилип бекитилгән Блейир Макдогул Әнглия әмгәкчиләр партиясиниң сиясий паалийәтчиси болуп, у шотландияниң мустәқиллик референдуми жәриянида йолға қойған «Бирликтә яшаш һәрикити» стратегиясиниң мувәппәқийити билән даң чиқарған. Рәһимә ханим ишниң әһли билән елип берилған паалийәтләрниң нәтижисиниңму көрүнәрлик болидиғанлиғини ейтти.

«Уйғур қирғинчилиғини тохтитиш һәрикити»ниң йетәкчи мәслиһәтчилиридин бири болған Бен Рогерс бизниң зияритимизни қобул қилғанда, өзлириниң уйғур қирғинчилиғини тохтитиш үчүн Әнглия жамаити вә Әнглия парламентини һәрикәткә кәлтүрүшни план қиливатқанлиғини ейтти. У мундақ деди: «биз парламентни, һөкүмәтни, ахбарат саһасини вә хәлиқни һәрикәткә кәлтүрүш арқилиқ 21-әсирдә йүз бериватқан бу интайин еғир жинайәтни тохтитишни үмит қилимиз. Биз уйғурларға қиливатқан бу залимларчә жинайәтни иркий қирғинчилик дәп қараймиз вә Әнглия һөкүмитини шундақла башқа һөкүмәтләрни бу қирғинчиликни тохтитишқа чақиримиз».

Бен Рогерс әсли Әнглиядики «хоңкоңни көзитиш тәшкилати» ниң қурғучиси вә шундақла Әнглия консервативлар партияси кишилик һоқуқ комитетиниң муавин рәиси болуп, у уйғурлар мәсилисидә хәлиқаралиқ бир жазалаш механизми қуруп чиқиш интайин муһим, дәп қарайду. У уйғур мәжбурий әмгиги мәсилисигә алаһидә диққәт қилип туруп Әнглиядики даңлиқ маркиларға бу жәһәттин бесим ишлитишни, уйғур аяллириниң мәжбурий туғмас қилиниши, диний зиянкәшлик вә лагерлар мәсилисини Әнглия парламентиниң күн тәртивигә киргүзүшкә, болупму Хитай һөкүмитини жуқириқи жинайәтлири үчүн жавабкарлиққа тартидиған бир хәлиқаралиқ механизм қурулуши үчүн һәрикәт қилидиғанлиғини тәкитлиди. У мундақ деди: «биз Хитай һөкүмитини қирғинчилик үчүн жавабкәрликқа тартидиған бир хәлиқаралиқ һәрикәт башлашқа тиришимиз. Лондонда ‹Уйғур сот коллегияси› қурулған болсиму бу коллегия һөкүмәтләр қоллимайдиған, мустәқил бир коллегия. Шуңа биз һәрқайси һөкүмәтләрниң бирликтә һәрикәт қилип, Хитайни жавабкәрликқа тартидиған бир хәлиқаралиқ жаза механизми қуруп чиқишини қолға кәлтүрүш үчүн һәрикәт қилимиз».

Мәлум болушичә, Дуния Уйғур курултейиниң Әнглия шөбиси вә дәсләптә 8-айда елан қилған «уйғур қирғинчилиғини тохтитиш һәрикити» тәшкилатиниң қурулуши билән қайтидин елан қилинған чақириққа һазирғичә 150 парламент әзаси қол қойған. Рәһимә Маһмут ханим бу чақириққа қол қойған парламент әза санини умумий парламент әзасиниң 50 пирсәнтигә йәткүзүш үчүн тиришидиғанлиғини, шундила һөкүмәтниң бу мәсилигә қарап чиқишқа мәжбурлиғили болидиғанлиғини ейтти.

**Ирадә**

## Әхмәт Давут оғли: «Биз уйғурларниң авази болушини давам қилимиз»

Түркийәдә йеңи қурулған өктичи партийәләрдин бири болған Келәчәк партиясиниң рәиси, сабиқ баш министр Әхмәт Давут оғли 15-ноябрь күни уйғур һәйъитини қобул қилип, уларға өз партиясиниң уйғурларниң авази болуватқанлиғини, буниңдин кейин һәм авази болушни давам қилидиғанлиғини тәкитлиди Саадәт партиясиниң рәиси Тәмәл Қарамолла оғли, «Ийи» партиясиниң муавин рәиси Явуз Ағиралиоғли, Келәчәк партиясиниң муавин рәиси Сәлчук Өздағ вә Үмут әпәндиләр Әнқәрәдики партиясиниң мәркәзлиридә уйғур һәйъитини қобул қилди. Улар өзлириниң уйғурларниң һазирқи еғир вәзийитигә бәкла ечинидиғанлиғини, буниңдин кейин уйғурлар үчүн немиләрни қилалайдиғанлиғи һәққидә уйғур һәйъити билән ортақлашти. Улар йәнә уйғур һәйъитидин уйғур давасиниң хәлиқарадики әң йеңи вәзийити тоғрисида мәлумат егилиди. Явуз Ағиралиоғли Түркия парламентида Түркий хәлиқләр ко-



митети қурулғанлиғини, бу Комитеттиму уйғур мәсилисини оттуриға қойидиғанлиғини билдүрди. Уйғур һәрикити тәшкилатиниң рәиси Рошән Аббас ханим бу һәқтә зияритимизни қобул қилди. У Уйғур һәрикити тәшкилатиниң ташқи мунасивәтләргә мәсъул хадими Жулия Миллсап ханим, Д У Қ ниң баш тәптиши Абликим Идрис әпәнди вә Уйғур һәрикити тәшкилатиниң Истанбулдики вәкили Мәмәт Әли әпәндиләрдин тәркиб тапқан һәйъәтни Әхмәт Давут оғлиниң қобул қилғанлиғини, көрүшүштә Әхмәт Давутоғлиниң «партиямиз Шәрқий Түркистанлиқларниң авази болуватиду, буниңдин кейинму Шәрқий Түркистанниң авази болиду,» дегәнлигини тәкитләп өтти. Әхмәт Давут оғли 2015-жили Түркия жумһурийити һөкүмитиниң баш министрлик вәзиписини өтәватқан мәзгилдә 7-8 миң әтрапида уйғур Тайланд вә Малайзиядин Түркиягә елип келингән еди. Әмма бу вақитта 100 нәпәргә йеқин уйғур бешиға қара халта кийдүрүлүп Тайландтин Хитайға елип кетилгән еди. Әхмәт Давут оғли бу қетимки учришишта уйғур һәйъәткә уйғурлар Тайландтин елип кетилгән ашу күни кечиси өзиниң ухлиялмиғанлиғини, көз йешини туталмай жиғлап кәткәнлигини ейтқан. Рошән Аббас ханим бу һәқтә мәлумат бәрди.

13-ноябрь күни Саадәт партиясиниң рәиси Тәмәл Қарамолла оғли әпәнди партиясиниң башқа рәһбәрлири билән бирликтә уйғур һәйъитини қобул қилип, уйғурларниң һазирқи еғир вәзийитини билидиғанлиғини, буни һәр хил сорунларда оттуриға қоюватқанлиғини, Түркия һөкүмитини давамлиқ һалда уйғурларға егә чиқишқа чақириватқанлиғини, буниңдин кейинму бу мәсилигә алаһидә көңүл



бөлидиғанлиғини ейтқан. Арқидин у уйғур һәйъәттин уйғурларниң һазирқи вәзийитини, уйғурларниң өз партиясидин күткән тәләплирини вә уйғур даваси тоғрисида соал сориған. Бир йерим саат давамлашқан учришиш ахирлашқандин кейин микрофонимизни Саадәт партиясиниң рәиси Тәмәл Қарамолла оғиға узаттуқ. У мундақ деди: «Уйғурларниң дәрдигә көңүл бөлүш-бизниң вәзипимиз. Чүнки, зулум инсанийәткә ярашмайду. Биз Хитайниң Шәрқий Түркистанда елип бериватқан сәяситини қобул қилалмаймиз. Биз давамлиқ һалда Түркия һөкүмитиниң диққитини буниңға тартишқа тиришиватимиз. Һазир Хитай инсанийәткә қарши жинайәт садир қиливатиду. Униң үстигә бизниң уйғур қериндашлиримиз билән қедимдин тартип күчлүк мунасивитимиз бар. Хитай һөкүмитиниң бир милләтниң етник вә диний кимлигигә қарап зулум қилишиға чидап туралмаймиз, биз буниңдин кейин уйғурларниң авази болушни давам қилимиз».

Уйғур һәрикити тәшкилатиниң Истанбулдики вәкили Мәмәт Әли әпәнди бу қетимки зиярәт жәриянида Әнқәрә шәһәр башлиғи Мансур Яваш әпәнди, Истанбулниң шәһәр башлиғи Әкрәм Имамоғли вә Түркия ташқи сәясәт институтиниң мудири Һүсәйин Ягчи әпәндиләр биләнму көрүшүп, бәзи тәләпләрни оттуриға қойғанлиғини баян қилди.

Д У Қ вә Уйғур һәрикити тәшкилати рәһбәрлиридин тәркиб тапқан һәйъәт 11-ноябрь күни Милләтчи һәрикәт партиясиниң муавин рәиси Камил Айдин әпәнди, «Ийи» партиясиниң муавин рәиси Әхмәт Камил Әрозан әпәнди, Дава партиясиниң муавин рәиси Абдурахман Билгич әпәнди һәмдә шу күни ахшими Түркияниң әң чоң өктичи партияси болған Жумһурийәт хәлиқ партиясиниң рәиси Кәмал Қилиичдар оғли қатарлиқ партия рәһбәрлири билән көрүшти.

**Әркин Тарим**

## ئامېرىكادىكى بوستون شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئالدىدا شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چىقىرىلدى

2020 ـ يىلى 12 ـ نويابىر كۈنى 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدا قۇرۇلغان ئىككى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 87 يىللىقى ۋە 76 يىللىق خاتىرە كۈنىدۇر. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئامېرىكادىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئامېرىكادىكى مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا سۇنغان ئىلتىماسلىرى تەستىقلىنىپ، نيۇ ـ يوركتىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىناسى ئالدىدا، ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا ۋە بوستون شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى چىقىرىلدى.

ئامېرىكا ماسساچۇستىس شتاتىنىڭ مەركىزى بوستوندا چىقىرىلغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى بوستون شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شەھەرلىك ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن خادىملار تەرىپىدىن 12 ـ نويابىر چۈشتىن كېيىن سائات 1:30 دا چىقىرىلغان.

مەلۇم بولۇشىچە بۇ 2019 ـ يىلى 12 ـ نويابىر كۈنى بوستون شەھىرىدە تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى چىقىرىش مۇراسىمىدىن كېيىن، بۇ شەھەردە ئىككىنچى قېتىم شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنىڭ چىقىرىلىشى ئىكەن.

بوستوندىكى ماسساچۇستىس تېخنىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئۇيغۇر ئالىمە مايسەم مۇتەللىپوۋا خانىم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە 2019 ـ يىلى قۇرۇلغان «بوستون ئۇيغۇر جەمئىيىتى» نىڭ باشلىقى. مايسەم خانىم 12 ـ نويابىر كۈنى بايراق چىقىرىلغان نەق مەيداندىن رادىيومىز زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

مايسەم خانىم خارۋورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مۇنەۋۋەر ئابدۇللا بىلەن بىرلىكتە بۇنىدىن بىر يېرىم ئاي ئىلگىرىلا بوستون شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي ـ



ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى بوستون شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا چىقىرىش ئىلتىماسىنى يوللىغان بولسىمۇ، ئاما بوستون شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسەت خېتىنى 10 ـ نويابىر تاپشۇرۇۋالغان ئىكەن.

ئۇ 12 ـ نويابىر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائات 1:30 دا بوستون شەھەرلىك ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن ئىككى نەپەر خادىمنىڭ ئۇلار تاپشۇرۇپ بەرگەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي ـ ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى خادىمغا چىقارغانلىقىنى بىلدۈردى.

مايسەم خانىم يەنە ئۆزى بىلەن بىرلىكتە بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ تاپتىكى ھاياجانلىق كەيپىياتىنى بايان قىلدى.

ئۇ سۆزىدە بوستون شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنىڭ بوستون شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدىكى خادىدا ئامېرىكا دۆلەت بايرىقى، ماساچۇستىس شتاتىنىڭ شتات بايرىقى بىلەن بىرلىكتە 24 سائات جەۋلان قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مايسەم خانىم بۇنىڭدىن 200 نەچچە يىل ئىلگىرى ئامېرىكانىڭ ئەنگلىيەگە قارشى ئېلىپ بارغان مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ ئوت پىلتىسى بولغان.

مېھرىبان

## كانادا ئەلچىسى ب د ت نى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئائىت دەلىل ـ ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈشكە چاقىردى

كانادانىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زىيانكەشلىكلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق كاتېگورىيەسىگە ياتىدىغان ياتمايدىغانلىقىنى ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا چاقىرغان. بوب رېي بۇ سۆزلەرنى كانادا مېدىيا شىركىتى س ب س نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇ مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، خىتاينىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئېنىقلىمىسىغا ماس كېلىدىغان تەرەپلىرى بار. ئاما، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئۇ سىزدىن ئۇچۇر توپلاش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈشنى ھەمدە بۇ خىل ئەيىبلەشنى قوللايدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئېرىشكەنلىكىمىزنى جەزملەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.»

ئالدىنقى ئايدا، كانادا ئاۋام پالاتاسى تارماق كومىتېتى دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان جازا لاگېرلىرى، كەڭ



كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ۋە نوپۇسنى كونترول قىلىش قاتارلىق قىلمىشلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا بېرىلگەن ئېنىقلىمىلارغا دەل كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

مەلۇم بولۇشىچە، بوب رېي ئىلگىرى كانادانىڭ بىرمىدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە ئەلچىسى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن. ئۇ زىيارەت جەريانىدا يەنە، كانادانىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نىداسىغا قۇلاق يوپۇرۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

جۇمە

## خەتەر ئاستىدىكى ئالىملار تەشكىلاتى خىتاينى ئۇيغۇر ئالىملارنى قويۇپ بېرىشكە چاقىردى

خەتەر ئاستىدىكى ئالىملار تەشكىلاتى ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاتالمىش «تەربىيەلەش لاگېرلىرى» ۋە باشقا تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئالىملار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەرتسىز قويۇپ بېرىلىشىنى دەرھال كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا، «قايتا تەربىيەلەش» لاگېرلىرىغا خاتىمە بېرىپ خىتايدىكى ئاز سانلىق مىللەت تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ نېگىزلىك كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداشقا چاقىردى.

مەزكۇر ئوچۇق خەتنى خەتەر ئاستىدىكى ئالىملار تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە دىرېكتورى روبېرت كۇۋىن خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭغا قارىتىپ ئېلان قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت، ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى ئەزاسى ماركو رۇبىيو، ياۋروپا كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن كومىسسارى جوسېف فونتېللىس قاتارلىق 10 نەچچە نەپەر مۇھىم ئەربابقىمۇ قوشۇمچە يوللىدى.

ئۇ خېتىدە مۇنداق دېدى: «مەن خەتەر ئاستىدىكى ئالىملار تەشكىلاتىغا ۋاكالىتەن ئۇشبۇ خەتنى يېزىپ، خىتايدا غايىب بولغان ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاتالمىش ‹تەربىيەلەش لاگېرلىرى› ۋە باشقا تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىغا قامالغان دەپ گۇمان قىلىنغان ئالىم ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆنسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمەن. خەتەر ئاستىدىكى ئالىملار تەشكىلاتى سىزنى تۇرمىدىكى ئالىملار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەرتسىز قويۇپ بېرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ‹قايتا تەربىيەلەش› ئىشلىرىغا خاتىمە بېرىشكە، پۈتۈن خىتايدىكى ئاز سانلىق مىللەت تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداشقا چاقىرىدۇ.»

مەزكۇر خەتتە، 2017 ـ يىلى دېكابىردا غايىب بولغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۇنياغا داڭلىق ئېتنوگرافىيە ئالىمى راھىلە داۋۇت، 2017 ـ يىلى نويابىردا قولغا ئېلىنىپ، «بۆلگۈنچىلىك خاھىشىنى نامايان قىلىش» جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى خالمۇرات غوپۇر، 2018 ـ يىلى يانۋاردا ئۆز ئۆيىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇقادىر جالالىدىن قاتارلىقلار ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

خەتەر ئاستىدىكى ئالىملار تەشكىلاتى 39 دۆلەتتىكى 500 دىن ئارتۇق ئۇنىۋېرسىتېتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى




جايلىرىدىكى ئالىملارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، شۇنداقلا ئىلىم ـ پەن ئەركىنلىكى پرىنسىپىغا بولغان تونۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزىگە باش نىشان قىلغان بىر خەلقئارالىق ئالىملار تورىدۇر.

چەتئەللەردىكى مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلار ئىلگىرى 2016 ـ يىلدىن بۇيان تۇتۇپ كېتىلگەن ياكى لاگېرلارغا تاشلانغان 400 دىن ئارتۇق ھەر ساھە ئۇيغۇر زىيالىيسىنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلغان ئىدى.

جۇمە

## ئەنقەرەدىكى ئىككى جۇمھۇرىيەتنى خاتىرلەش يىغىنىدا ئۇيغۇرلار توغرىلىق ئۈچ مەسىلە تەكىتلەندى

د ئۇ ق نىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۈگۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە جامائىتى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە 1933 ـ يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيەتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 87 يىللىقىنى، 1944 ـ يىللىرى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 76 يىللىقىنخاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكتە. د ئۇ ق، ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى ۋە ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى بىرلىكتە تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرە شەھىرىدىكى گرەەن پارك مېھمانخانىسىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىردى. يىغىن شۇ يەر ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 10:00 دا باشلاندى. يىغىندا ئالدى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشى» بىلەن تۈركىيەنىڭ دۆلەت مارشى ئېيتىلدى.

ئاندىن ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى رۇشەن ئابباس خانىم، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسى ئابدۇلھەمىت قاراخان ئەپەندى، د ئۇ ق نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئەپەندى، د ئۇ ق نىڭ باش تەپتىشى ئابلىكىم ئىدرىس ئەپەندىلەر ئېچىلىش سۆزى سۆزلىدى.

يىغىننىڭ كېيىنكى داۋامىدا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ باش كاتىپى دوكتۇر فەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى ئەپەندى مەتبۇئات باياناتىنى ئوقۇدى. ئۇ باياناتتا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا 3 مەسىلىنى تەكىتلەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، مۇنداق دېدى: «بۈگۈن 12 ـ نويابىر كۈنى، 1933 ـ يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 87 يىللىقى، 1944 ـ يىلى غۇلجادا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 76 يىللىق خاتىرە كۈنىدۇر. بۈگۈنكى مەتبۇئات يىغىنىدا تۈرك جامائەتچىلىكى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە بىلىشكە تېگىشلىك 3 مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز: بىرىنچىسى، شەرقىي تۈركىستان خىتاي تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ زېمىنىدۇر. 1884 ـ يىلىدا مانجۇ ئىمپېرىيەسى بۇ تۇپراقلارنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ‹شىنجاڭ› نامى بېرىلگەن. ئىككىنچىسى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى مىللىي ھەق ـ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك دەۋاسىدۇر. ئۈچىنچىسى، خىتاي ‹يىڭى يىپەك يولى› قۇرۇلۇشىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارماقتا. خىتاي 2010 ـ يىلى دۇنيادىكى ئىككىنچى ئىقتىسادىي كۈچ بولغاندىن كېيىن، كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى كۈچەيتتى. بۇ سەۋەپتىن خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان سىياسەت يۈرگۈزمەكتە.» يىغىندا سۆز قىلغان دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئەپەندى 1944 ـ يىلى غۇلجادا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ يوق قىلىنىشى توغرىسىدا سۆز قىلدى.

ئەركىن تارىم

www.uyghurkitap.com



# *Қирғизстан уйғур маарипиға бир нәзәр*



**Музәппәрхан Курбан,**
**шаир, журналист**

Қирғизстан уйғур маарипи һәққидә гәп ечиштин бурун, өткән әсирниң башлирида қурулған бурунқи Қирғиз жумһурийити тәвәсидә, әшу башланғуч дәвирдә уйғурларниң жумһурийәтниң ижтимаий-сәясий һаятида тутқан орни, сани тоғрисида қисқичә тохтулуп өтүшкә тоғра келиду.

Қирғизстан тәвәсидә уйғурларниң әзәлдин яшап кәлгәнлиги вә һәр хил сәясий-ижтимаий һадисиләр сәвәплик қисмән хәлиқ аммисиниң чегариниң у тәрипидики уйғур дияри арилиғида у яқтин бу яққа йөткүлүп туруш һадисилири болуп турғанлиғи узундин бери мәлумдур. Жүмлидин, тарих пәнлириниң доктори Абылабек Асанканов «Қирғизстан уйғурлири» мавзулуқ китавида мундақ мәлумат бериду: «XVIII – әсирниң ахири XIX – әсирниң биринчи йеримида... Манжур-хитай һакимийитиниң зулумидин қутулуш үчүн, миңлиған уйғурлар Йәттису облуси вә Пәрғанә вадисиға көчүшкә мәжбур болиду. Бәзи мәлуматлар бойичә шу вақитниң ичидә Қоқәнт ханлиғиниң йеригә 85 миңдин 165 миңғичә қәшқәрликләр көчүп барған... XIX – әсирдә Пәрғанә вадисиниң өзидила Қәшқәр-Қишлақ дәп атилидиған жигирмидин артуқ йеза болған... Дәстләп уйғурлар Чуй вә Пәрғанә вәдилирини; Иссиқ-Көл әтрапидики бәзи йәрләрни өзләштүргән. Қирғизстанниң жәнубида болса уйғур мәһәлилири Ош, Өзгән, Жалал-Абад шәһәрлири әтрапиға жайлашқан. Чуй облусида: Аламедин, Кәнт районлири, Пишпәк, Тоқмақ вә Қара-Балта шәһәрлиригә: Иссиқ-Көл районида: Қара-Көл шәһиригә, Йәттә Өгүз районининң Ирдик йезисиға; Нарин облусиниң Ат-баши йезисиға жайлашқан».(1)

Маарип мәсилисигә кәлсәк, 1917-жили Русия падишаси ағдурулуп, Ленин, Сталин башчилиғидики коммунистик һакимийәт тиклəнгәндин кейин, Совет һөкүмити Русийәниң әтрапидики башқа хәлиқләр қатарида Орта Асия хәлиқлириниму миллий республикиларға бөлүп башқуруш усулини қоллиниду. Шуниң билән биргә хәлиқниң Совет һөкимитини умумийүзлүк қоллишини қолға кәлтүрүш үчүн, маарип мәсилисигә алаһидә көңүл бөлиду вә хәлиқниң Аң-сәвийәсини көтүрүш сәяситини Кәң қанат яйдуриду. Барлиқ республикиларда, шу қатарда Қирғизстандиму һәр бир милләтниң өз тилида мәктәп, кәч курсилири көпләп ечилиду.



*Бишкәк шәһиридә һазирқи Совет вә Киев кочилириниң дохмушида жайлашқан уйғур мәктиви (20-жилларда чүшүрилгән фотосүрәт)*

1927-жили Совет Социалистик автоном Қирғиз Республикисиниң ақартиш мәсилилири бойичә хәлиқ комиссари Қасим Тинистанов (1938-жили, 6-ноябрдә милләтчиликтә әйипнилип 37 йешида етиветилгән) 1927-жили, «Эркин Тоо» гезитиниң 7-ноябрь санида маарип тоғрисида елан қилған «10 жил ичиндеги ағартуу иши» мавзулуқ мақалисида мундақ мәлуматларни бериду: «Башқа республикиларда, ичкәрки шәһәрләрдә Қирғизстандин 943 бала оқуйду. Булар миллəт бойичә мундақ бөлиниду: қирғиз 419, европиликлар (рус, немис, украинлиқ вә башқилар) 286, татар 83, өзбәк 60, уйғур 30, тунган 39, сарт қалмақ 10, қалғанлири башқа миллəтләрдин.

Әнди мисал үчүн биринчи басқуч мәктәпләрниң миллəт бойичә бөлүнүшлирини көрәйли: қирғизларниң 126, өзбәкләрниң 27, уйғурларниң 7, татарларниң 5, туңганларниң 3, сарт қалмақларниң 3, түркләрниң(2), арилаш мәктәп 1».2. Мәзкур мәктәпләрниң қайси тәвә, шәһәрләрдә яки йезиларда паалийәт елип барғанлиғи тоғрисида мәлумат йоқ.

Бишкәк шәһириниң турғунлири әсли йәрлик уйғур ақ-сақаллириниң ейтип беришичә, тәхминән һазирқи Токтогул, Правда кочилириниң кесилишида 1920-1930-жиллири бир башланғуч уйғур мәктиви болған екән. Һәтта 1970-жиллири мәзкур мәктәп ишчиларниң кәч курси мәктиви сүпитидә қоллинилған. Йеши 90гә тақиған йәнә бир уйғур ақсақалниң ейтип беришичә, униң дадисиниң һәдиси әшу мәктәптә муәллим болған. Бишкәктә «МСН» (Моя столица новостей) намлиқ рус тилида чиқидиған гезитниң 2006-жили, №75, 11-июль санида Татьяна Орлованиң авторлуғида «Улица Советская» (Совет кочиси) мавзулуқ ахбарат елан қилинған. Ахбаратта автор Совет вә Киев кочилириниң кесилишидә йәнә бир уйғур мәктивиниң болғанлиғини сөзләп, әшу уйғур мәктивиниң өткән әсирниң 20-жиллири чүшүрилгән фотосүритини бәргән. Татьяна Орлова өз ахбаратида Николай Часовой билән Владимир Петровниң Қирғизстан жумһурийити, мәркизий




*Ата-Бейит» қәбристани. 1938-жилда сталин репрессиялиридә қурбан» болғанларға орнитилған әстилик*

дөләт архивида сақлиниватқан һөжжәт материаллардин мәзкур мәктәпниң фотосүритини чүшүрүвелип редакциягә тапшурғанлиғини ейтиду.

А. Асанканов «Қирғизстан уйғурлири» китавида, дөләт архивлириға асасланған һалда уйғур маарипи тоғрисида мундақ дәп язиду: «XX-әсирниң 20-жиллириниң башлирида Қирғизстанда «Уйғур» инқилаби иттипақи қурулди... XX- әсирниң 20-жиллириниң башлирида Қирғизстанда онға йеқин башланғуч уйғур мәктәплири билән уйғур тили курслири мәвжут болған... Уйғур аһалиси арисида сәясий, егилик ишлири маарип вә мәдәний – ақартиш ишлирини «Уйғур» иттипақиниң Пишпек, (у мәзгилдә Бишкәк Пишпек дәп аталған, кейин Фрунзеға өзгәртилгән) Тоқмақ, Қара-Кол ячейкилири елип барди... «Уйғур» инқилабий иттипақи мәктәпләргә атидарчилиқ қилатти, һәр хил курсиларға, уйғур аилилириниң балилири оқуйдиған мәктәпләргә ярдәм берәтти. Иттипақ әзалири уйғур мәктәплиригә маддий ярдәм көрситәтти, лекцияләрни жүргүзәтти, мәктәп йешидики балиларни оқушқа, билим елишқа жәлип қилатти».(3)

Жуқурқи тарихий мәнбәләргә қариғанда, Совет һакимийити өзиниң башланғуч 1920-1930-жиллири миллий сәясәтни адил қоллинип, өз тәркивидики хәлиқләрниң миллий маарипи вә мәдәнийитини риважландуриши үчүн тегишлик шәрт-шараитларни яритип бәргән. Жүмлидин, Қирғизстан уйғур маарипиму жумһурийәттики башқа миллəтләр маарипи қатари рәсмий дөләт программиси бойичә йолға қоюлған. Әпсус, 1937-1938-жиллири башланған Сталинниң тәқип-жазалаш, қирғинлиқ сәясити, болупму Қирғизстан уйғурлириға толиму дәһшәт елип кәлгән. Уйғурларни кочиларда, базарларда, һәтта сатрашхана, ашханиларда, өйидикиләрни өйидә һеч қандақ асассиз Япония, чәт әлләрниң жасуслири қатари умумийүзлүк туткун қилип, етип өлтүрүп, из-дәрәксиз йоқатқан. Көп уйғурлар бу қирғинлиқтин жан сақлап келиш үчүн өз миллитини өзбәк, қирғиз вә башқиларға өзгәртиветишкә мәжбур болған. Бу пакиә тоғрисида А. Асанкановниң «Қирғизстан уйғурлири» китавидиму тәпсилий йезилған.(4)

***(Давами 9-бәттә)***

# Қирғизстан уйғур маарипиға бир нәзәр

(Ахири. Беши 8-бәттә)

Сталинниң тәқипигә учрап етип өлтүрүлгән 137 адәмниң жәсиди, Бишкәк шәһиригә йеқин йезиларниң бири – Чоң – Таш йезисиниң йенидики бир жайға көмүлгәнлиги 1991-жили тепилди. 1938-жили, ноябрда пәқәт бир Фрунзе (һазирқи Бишкәк) шәһиридә етип өлтүрүлгән 36 уйғурниң жәсидиму әшу 137 адәмниң жәсиди тәркивидә ятмақта. У жай Ата-Бейит дәп аталди. Ата-Бейитта ятқан әшу 137 адәмниң тизимлиги ичидә 36 уйғурниңму исимлири йезилған.

Әшу боран-чапқунлуқ жәриянда Қирғизстандики барлиқ уйғур мәдәнийәт очақлири, маарипи пүтүнләй чәклинип, түп йилтизидин йоқутуп ташланған.

Пәқәт 1988-жили мәзкүр мақалиниң автори Музәппәрхан Курбанниң тәшәббуси билән Бишкәк шәһиридә уйғур жамаити көп яшайдиған Төкүлдаш мәһәллисидики №53-оттура мәктәптә, Лебединовка йезисидики №2- оттура мәктәптә, вә Ново-Покровка йезисидики №3- оттура мәктәптә, әшу мәктәпләрдә оқуватқан уйғур пәрзәнтлиригә уйғур тили вә әдәбиятини оқутуш дөләт стандартиниң оқутуш программисиға рәсмий киргүзүлүп, уйғур синиплири ечилди. №53-мәктәптә дәсләп Гүлбостан Ибдиминова, кейин Маһирә Ғанибаева, Ибадәт Саитова; Лебединовка йезисидики №2-мәктәптә – Меһрибан Әхмәтова, Зульфия Мадьярова, Пәридәм Баудинова; Ново-Покровка йезисиниң №3-мәктивидә Рәшидә Низамудинова, Мукәрәм Разиевалар савақларни өтти.

Нәтижидә, уйғур синиплири аста-аста факультатив (мәктәп программисиниң сиртида, ихтиярий дәрис өтүш) дәрижисигә йөткилип, ахири 2010-жиллар әтрапида тамамән тохтиди.

Ариликта Қара-Балта шәһиридә Тәлъәт Бақи, Кәң-Булуң йезисида Абдусалам Ғаппар, Ала-Тоо йезисида Ярмуһәммәт Абдуллаевлар факультатив асасида уйғур балилирини топлап, уйғур тили вә әдәбиятидин дәрис өтүп, хелә тиришчанлиқ көрсәткән болсиму, ахири бу ишларму тохтап қалди.



Факультетниң бир топ профессорлири вә оқутқучилири (оттурида факультетниң декани, профессор Исраил Ибрагимов, 2005-жил)

1994-жили Бишкәктә Юсуп Баласағуни намидики университетниң тәркивидики Хәлиқара билим бериш программисиниң интеграсия институтида, уйғур филологияси факультети, геология – минерология пәнлириниң намзити, профессор Исраил Ибрагимовниң тәшәббуси билән ечилди. Мәзкүр факультетниң ечилиши Қирғизстан уйғур жамаити үчүн бәк арзулуқ, йеңилик болди. Уйғур яшлири үчүн алий билим дәргаһида уйғур тили, уйғур әдәбияти, тарихи вә уйғуршунаслиқ даирисидики башқа пәнләр асаслири бойичә билим елишқа имканийәт яритилди. Методикилик қураллар мәсилисидә Қазакстан уйғур алимлири ярдәм қолини сунди. Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийити йеқиндин ярдәм көрситип турди.

Уйғур филологияси факультетида оқуш муддити дәстләптә 5 жил болуп, кейин 4 жилға өзгәртилди, уйғур филологияси бойичә мутахәссисләр тәйярланди. Студентлар гуманитар вә тәбиий пәнләр, ижтимаий-ихтисадий, фундаментал, умумий кәспий вә мәхсус пәнләр бойичә кәң даиридә билим алди. Шундақла инглиз, түрк, әрәп, хитай тиллириму оқутилди. Компьютер технологиялирини өзләштүрди. 1998-жили оқуғучиларниң дәстләпки топи оқушни тамамлиди.

Мәзкүр факультетта Қирғизстан яшлиридин башқа Қазакстанниң Алмута, Чимкәнт шәһәрлиридин, Талдиқорған облусидин кәлгән студентлар көп болди. Һәттә оқуғучиларниң 75% Қазақстан уйғур яшлири тәшкил қилди.

Мәхсус пәнләрни оқутуш бойичә атақлиқ алимлар, көп тәҗрибигә егә профессор - Қирғизстан миллий пәнләр академиясиниң мухбир әзаси Әзиз ака Наринбаев, филология пәнлириниң доктори профессор Сәйпуллам Абдуллаев, филология пәнлириниң доктори Алимжан Һәмраев (Алмутидин), Қирғизстанда хизмәт көрсәткән мәдәнийәт әрбаби Исраил Ибрагимов, доцентлар: Әкбәрҗан Баудунов, Нәбиҗан Турсун, Бәхтияр Қойчуев, Зеба Мусабаева, Абдумежит Дөләтов, тарихчи, сәясәт пәнлириниң магистри Абдурәхим Һапизов, Ибадәт Сеитова вә башқилар савақларни өтти.

2011-жилиға кәлгәндә оқушқа қабул қилинидиған оқуғучилар санининң йетишимәслиги сәвәвидин уйғур факультети йепилишқа мәжбур болди. Шундақ болсиму, Қирғизстан уйғур филология факультети өзиниң 15 жиллиқ иш паалийитидә уйғур тили вә әдәбияти бойичә мутәхәссисләрни тәйярлашта чоң төһпә қошти. Факультетниң иш нәтижисидә уни 100 ошуқ студент түгитүп, уйғур филологияси бойичә бакалавр дипломини елишқа муйәссәр болди.



Уйғур филологияси факультетиниң студентлири факультетниң профессорлири вә оқутқучилири билән (2004-жили чүширилгән фотосүрәт)

Хуласилап ейтқанда, Қирғизстан уйғурлириниң миллий маарипи бүгүнки күнлүктә ечинарлиқ әһвалда десәк задила хаталашмаймиз. Чүнки, Қирғизстан тәвәсидә бүгүн бирму уйғур мәктиви яки синипи, һәтта факультативиму йоқ.

2019-жили көрситилгән дөләт статистикиси бойичә Қирғизстандики уйғурларниң умумий сани 58 миң 168 екән. Ойлаймиз, әмәлийәттә буниңдин хелила үстүн болуши керәк. Мәйли қандақла болмисун, Қирғизстандики уйғур филология факультетини қайта тикләш имканийити болмисиму, уйғур аһалиси топ яшайдиған районлардики мәктәпләрдә уйғур тили вә әдәбиятини оқутуш синиплири қайта өз орнини тепиши лазим. Бу мәсилә үстидә әлвәттә Қирғизстан жумһурийәтлик уйғур «Иттипақ» жәмийити яхширақ ойлинишқа тегишлик.

Пайдиланған мәнбәләр:

1. А. Асанканов «Қирғизстан уйғурлири», Бишкәк, 2014- ж. 10, 15, 17- бәтләр.
2. «Эркин Тоо», №126 (334) 1927-ж.
3. А. Асанканов «Қирғизстан уйғурлири», Бишкәк, 2014- ж. 23, 25 , 27- бәтләр.
4.«МСН» №75, 2011-ж.

# Некоторые аспекты этногенеза, политического и культурного развития уйгуров.

***(Продолжение. Начало в предыдущих номерах)***

Национально-освободительное движение уйгуров Восточного Туркестана внесло определенный вклад в дело освобождения и собственно Китая. Оно ускорило общий кризис гоминдановского режима в стране, подорвало и расшатало его устои и тем самым повлияло на успешное развитие китайской народно-демократической революции.

Национально-освободительное движение уйгурского народа нанесло сокрушительный удар и по проискам американских империалистов, стремившихся превратить Восточный Туркестан в антисоветский плацдарм. Население освобожденных от гоминдановцев районов Восточного Туркестана примкнуло к лагерю мира, демократии и социализма, возглавляемого Советским Союзом.

Осенью 1949 г. борьба китайского народа подходила к победоносному завершению. Опираясь на поддержку Советского Союза и всего социалистического лагеря, революция в Китае одержала победу над силами империализма и внутренней реакции. 1 октября 1949 г. было провозглашено создание КНР. 12 октября 1949 г. Первая полевая национально-освободительная армия Китая вступила в пределы Восточного Туркестана, а 20 октября – в его столицу Урумчи.

Таким образом, в отличие от всех насильственных захватов Восточного Туркестана китайскими поработителями в прошлом, на этот раз он был присоединен к Китаю без кровопролития.

В то время, когда нынешние руководители Китая во главе с Мао Цзедуном по отношению к уйгурам Восточного Туркестана проводят политику дискриминации, великодержавного шовинизма и даже расизма, когда уйгурская культура и письменность сохраняют право на существование только в китайской интерпретации, когда уйгурские общественные, партийные и государственные деятели лишаются политического доверия и гражданских прав, подвергаются массовым репрессиям, уйгуры, проживающие в Советском Союзе, обрели счастливое настоящее и великое будущее. Вместе со всеми народами Советского Союза они строят коммунизм.

Советские уйгуры являются в основном потомками тех уйгуров, которые в период ожесточенной борьбы против цинских завоевателей в XIX – XX вв. нашли приют на территории Росии (в Ферганской долине, Семиречье и других районах). Здесь же осела большая часть уйгурской бедноты – отходников.

Вот вкратце история переселения илийских уйгуров в Семиречье. В 1871 г. Илийский уйгурский султанат добровольно сдал ключи своей столицы – Кульджи – русским войскам. Ненависть к кровавому террористическому режиму цинских угнетателей у илийских уйгуров была так велика, что они вскоре же обратились к русским властям с официальным заявлением – просьбой принять их в российское подданство. Они писали: «…Со страхом ожидали мы со своими женами



***Каризы Турфана***

и детьми прихода русских войск к г. Кульдже… По занятии Кульджи русскими войсками вместо пролития крови и смятения водворилось во всем народе спокойствие… С приходом Вас мы убедились, что только под властью русских обретем желаемое спокойствие, подобно Ташкенту, Самарканду и другим великим мусульманским городам. Мы желаем навсегда остаться в подданстве Великой России и надеемся под ее крепкою рукою найти благоденствие…».

Несмотря на огромное желание илийских уйгуров перейти в подданство России со всеми своими землями, по Петербургскому договору 1881 г. Илийский край был возвращен Цинам, а его населению предоставлялась возможность выбрать подданство.

«Тогда, - писал уйгурский поэт Сейдмухамед Кашский, - одни пески и травы согласились остаться в ведении дайцинов». Подавляющее большинство уйгуров Илийского края добровольно переселилось на территорию России – в Семиречье.

Уйгурский народ – наследник высокой земледельческой и городской культуры, имеющей многовековую историю развития. Сухой континентальный климат еще в древности требовал от людей, живших на территории современного Синьцзян-Уйгурского автономного района КНР, искусственного орошения земель. Для вывода грунтовых вод на поверхность жители Турфанского оазиса, например, еще в конце II в. до н. э. пользовались каризами, подземными оросительными каналами. Эта оросительная система на протяжении веков совершенствовалась и к моменту присоединения Восточного Туркестана в 1949 г. к КНР достигла общей протяженности около 2500 км. Она является подлинным памятником человеческому труду, равному по сооружению Великой Китайской стены, египетских пирамид, замечательных индийских храмов. Эти каризы на протяжении многих веков, вплоть до наших дней, служат населению Турфанского оазиса Восточного Туркестана.

Богато и разностороннее наследие духовной культуры уйгуров. Свидетельство тому – многочисленные материальные и письменные памятники, сохранившиеся до настоящего времени. Наглядное представление о высокой архитектурной технике и изобразительном искусстве уйгуров в древности дают остатки городов, храмов, живопись и скульптура пещер «Кзыл мин ой», «Мин ой» в Кучаре и «Сим сим мин ой», «Синлим агэм



бизэклик мин ой», в Турфане.

Особый интерес представляют росписи оазисов Кучи, Карашара и Турфана: «Росписи трех северных оазисов Восточного Туркестана – многочисленны и исключительно разнообразны, - писал М. Дьяконов, - мы не имеем возможности и необходимости перечислить здесь хотя бы важнейшие группы пещер, сверху донизу расписанных поразительной живописью. Монументальные росписи… трех оазисов превосходят по качеству все то, что мы знаем о монументальной живописи по всей Передней и Средней Азии».

Величие одного из этих памятников поразило и известного казахского писателя Сабита Муканова. Он пишет: «К сожалению, мы бегло осмотрели самую незначительную часть «Мин ой». У себя на родине я повидал немало древних архитектурных памятников, но этот был намного интереснее, величественнее, загадочнее.

Я с большим сожалением покидал «Мин ой», унося в душе неизгладимое впечатление».

Несомненно, что все шедевры строительного и изобразительного искусства на территории Восточного Туркестана создал трудолюбивый уйгурский народ. Трудно допустить, чтобы на протяжении столетий сюда, в Уйгурию, приходили мастера Индии или Ирана и создавали эти великолепные памятники монументальной архитектуры с их чудесной внутренней росписью.

Культурное наследие уйгуров складывалось в течение многих веков, оно впитало в себя достижения культуры соседних народов Индии, Ирана, Средней Азии, на нем отразилось влияние различных религиозных верований: язычества, манихейства, буддизма и ислама, которых, как известно, последовательно держались уйгуры. Пожалуй, нет другого народа, сменившего столько разных религий, как уйгуры. И каждый раз при смене их они сохраняли что-нибудь от своего предыдущего культа.

Между тем наши познания о культурном наследии уйгурского народа, в частности в области живописи и скульптуры, далеко неполны. В значительной степени это объясняется тем, что «памятники культуры уйгуров были незаслуженно забыты, потому что в период господства цинских властей никакое значение им не придавалось и они даже уничтожались, и к тому же большое количество исторических памятников было разграблено или утеряно.

Но сейчас мы можем утверждать, что у уйгурского народа было богатое самобытное изобразительное искусство, существовали свои художественные традиции, направления, которые почти сошли на нет с проникновения ислама.

Насильственное распространение ислама среди населения Кашгара, Яркенда и других южных городов, проводимое ханами второго уйгурского Караханидского государства, сильно поколебало художественные традиции уйгуров, но не смогло полностью их уничтожить. Они продолжали существовать на севере страны, особенно в Турфанском оазисе, где долго сохранялся буддизм. Ван Янь-дэ совершивший путешествие в Кашгар, где он пробыл три года (981-983 гг.), оставил нам интересный рассказ о цветущем состоянии Турфана, о многочисленности в нем буддийских монастырей.

***Малик Кабиров .***

***(Продолжение следует)***

# *Хасийәтлик бир чүш*

Гәрчә бүгүн шәнбә күни болсиму, мән йәнила ишқа баридиған күнидикигә охшаш қақ сәһәрдә хасийәтлик бир чүш көрүш билән тәңла ойғунуп кәттим, әмма бир жуп ғәмгүзар көзүм нәмләшкән еди.

Чүшүмдә мән алдираш ашхана өйдә ишқа кечикип қалмай дәп наштилиқ қиливатқидәкмән. Қарисам. меһманхана өйгә киридиған тәрәптики каридорниң ишиги оп-очуқ турупту. Шуан бир кишиниң «әссаламу әләйкум!» дәп салам бәргән боғуқ авази аңланди. Туюқсизла ишикниң босуғисида уйғурниң допписини қамлаштуруп кийгән, сақал бурутлири чирайлиқ ясалған, қолида бир сомка тутуп туған һаләттики мәрһум атамниң маңа қарап күлүмсирәп турған турқи көрүнди. Мән «җеним ата!» дегинимчә қолумда тутуп турған қандақтур бир нәрсини ихтиярсиз йәргә ташлап, атамниң алдиға жүгүрүптимән. Әйтәвур атамниң арқида йәнә икки киши турған болсиму, уларниң гәвдисидин башқа чирай- турқи мәвһум еди.

Мән октәк етилип кәлгинимчә, атамниң алдиға жиқилиптимән вә униң путини тутуп һөркирәп жиғлаптимән.... «ата, җеним ата, сиз һаят екәнсиз ...» дегинимчә атамни қучақлаптимән. Қәдирдан атаҗанни бағримға чиң бесиптимән...

Көзүмни увилиған пети ойғунуп кетиптимән. Бешимни көтүрүп, ян тәрәптики кичик ширә үстигә қоюлған саатка қарисам, униң стрелкиси саат 6:30 көрситип турупту.

Мәрһум атам милади 2017- жили, 3- ноябрь күни кесәл сәвәви билән бу дунияддин видалашқан еди. Әл - юрт қәдирдан атамни алдидин ясалған өз қәбрисигә дуа - тилавәт вә һөрмәт- иззити билән намизини чүшүрүп, ата - бовилиримизниң әлмисақтин буян мазаргаһи болған Шаяр наһийәсиниң Тойболди базири, Йеңичимән кәнтидики әлгә мәшһур «Шадели мазарлиғи» ға дәпинә қилған еди. Мән мәрһум атамниң яләғуз пәрзәнти едим. Гәрчә истибдат хитай фашистлири сәвәблик мән атамниң сәкраттики иссиқ йүзини көрәлмигән болсамму, тавутни көтүрүп, ахирәткә узитиштәк пәрзәнтлик бурчумни ада қилалмиған болсамму әмма әл - юрт мениң йоқлиғимни билиндүрмәй атамниң ахирәтлигини өз қаидә- йосунлири бойичә өткүзүп, у дуниянің рәһмитигә узатқан еди.

Мән милади 2019- жили, май ейида Гугил хәритиси арқилиқ атамниң қәбрисини өз ичигә алған «Шадели мазарлиғи» ниң наинсаний хитай фашист һакимийити тәрипидин вәйран қилинип, түзливетилгәнлигини байқап, Хитайниң инсанийәткә қарши бу җинайитини ғәрбтики чоң ахбаратлар арқилиқ дунияға билдүрүп, инсанлиқни һимайә қилидиған дөләтләрни вә җаһан әһлини Хитайниң уйғурларға қарита жүргүзүвәтқан инсанийәткә қарши җинайәтлирини тохтутуш үчүн һәрикәт қилишқа чақириқ қилған едим.

Мәрһум атамниң вапат болғиниға дәл 3 жил вә 3 күн толған күни униң тәбәссумгә толған хуш чирайини өз өйүмниң босуғида көрдум. Қәдирдан атаҗанниң нурлуқ йүзи билән чүшүмдә дидарлаштим.

Сәһәрдә мәрһум атам үчүн вә пүткүл уйғурниң қәбрисиз қалған сан- санақсиз қәһриман атилириниң, меһрибан анилириниң, җәсуранә баш әгмәс пәрзәнтлириниң у дунияда болсиму роһиниң әркин болуши үчүн дуа қилдим.

Балилирим билән наштилиққа биллә олтардуқ. Мән балилиримға «силәргә ейтидиған бир гепим бар» дәп, таң сәһәрдә көргән чүшүмни әйнән ейтип бардим, әмма сөзүмниң ахирида өзәмни туталмидим... Ихтиярсиз көз чанақлиримдин охчуп чиқиватқан иссиқ яшлирим сим - сим ямғурдәк мәңзимни сөйүп өтүп, аста - аста заңақлиримға, андин боюнлиримға ақмақта еди.

Икки қизим жүгүрүп келип «дада ...» дегиничә мени бойнумдин қучақлиди.

Мәнму қизлиримни чиң қучақлидим, уларниң мәсум көзлиригә бир һаза тикилип қариғандин кейинки сүкүтлүкни өзәм бузуп, жүригимдики сөзлиримни ейттим:

“бу дунияда ата-ана вә пәрзәнт ара муһәббәттинму чоңқур вә чин муһәббәт йоқ. Биз һәммимиз бу дунияға бир мәһәл меһман, биз ата-анимизниң хошаллиқ яшлири билән бу дунияға келимиз вә ата - анимизни өзимизниң җудалиқ яшлири билән узитимиз. Мән күнләрниң бирида бу дуниядин кәткәндин кейин, мән бүгүн атам үчүн яш төккәнгә охшаш силәрму мән үчүн яш төкидиған күнләр келиду. Мән атамни қанчилик сеғинғинимдәк, атамниң қәдригә қанчилик йәткинимдәк, силәрму мениң қәдримгә шундақ йетисиләр, мени сеғинисиләр. Ата-анаңлар үчүн яш төкисиләр... Бу һаят шундақ давамлишип кәлгән вә шундақ давамлишидиған һаяттур».

Тоғра, һаят шундақ давамлишиду. Адәмләр бу дунияда ата-ана пәрзәнтниң муһәббитигә, пәрзәнт ата-аниниң муһәббитигә қанмай бу дуниядин хошлишиду. Шуңа ата- аниси һаятлар, ата- аниңизни қәдирләң, һаят вақтида қанчилик қолиңиздин, имканиңиздин кәлсә, уларниң хизмитини қиливелиң, уларни һаят вақтида рази қилип, дуасини еливелиң, болмиса бир өмүр жүрәк азави билән арманда яшайсиз.

Аллаһим, пүткүл мәзлум уйғур қовминиң қәдирдан ата- анилири аман болсун. Биздин вақитсиз видалишип кетип қалғанларниң роһлири фирдәвс җәннәт маканда болсун! Йеқин бир кәлгүсидә, бизгә шу әҗдадлиримизниң мубарәк намсиз қәбрилирини тепип чиқишқа, бузувитилгәнлирини қайта қуруп чиқиш вә әслигә кәлтүрүш бизләргә несип болсун. Уйғурниң тирикләри әмәс, өлүклириму гөрида хорлиниватқан әшу ғерибанә қәбрилиримизни тавап қилиш, уларниң үстигә гүл-дәстиләр қоюш бизләргә несип болсун, амин!

***Әзиз Әйса Әлкүн,***
***2020- жили, 7- ноябрь Лондон.***

# خاسىيەتلىك بىر چۈش

گەرچە بۈگۈن شەنبە كۈنى بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئىشقا بارىدىغان كۈندىكىگە ئوخشاش قاق سەھەردە خاسىيەتلىك بىر چۈش كۆرۈش بىلەن تەڭلا ئويغۇنۇپ كەتتىم. ئامما بىر جۈپ غەمگۈزار كۆزۈم نەملەشكەن ئىدى.

چۈشۈمدە مەن ئالدىراش ئاشخانا ئۆيدە ئىشقا كېچىكىپ قالماي دەپ ناشتىلىق قىلىۋاتقىدەكمەن. قارىسام مېھمانخانا ئۆيگە كىرىدىغان تەرەپتىكى كارىدورنىڭ ئىشىكى ئوپ-ئوچۇق تۇرۇپتۇ. شۇئان بىر كىشىنىڭ "ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!" دەپ سالام بەرگەن بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. تۇيۇقسىزلا ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدا ئۇيغۇرنىڭ دوپپىسىنى قاملاشتۇرۇپ كىيگەن، ساقال بۇرۇتلىرى چىرايلىق ياسالغان، قولىدا بىر سومكا تۇتۇپ تۇغان ھالەتتىكى مەرھۇم ئاتامنىڭ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان تۇرقى كۆرۈندى. مەن "جېنىم ئاتا!" دېگىنىمچە قولۇمدا تۇتۇپ تۇرغان قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئىختىيارسىز يەرگە تاشلاپ، ئاتامنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپتىمەن. ئەيتاۋۇر ئاتامنىڭ ئارقىدا يەنە ئىككى كىشى تۇرغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ گەۋدىسىدىن باشقا چىراي- تۇرقى مەۋھۇم ئىدى.

مەن ئوقتەك ئېتىلىپ كەلگىنىمچە، ئاتامنىڭ ئالدىغا يىقىلىپتىمەن ۋە ئۇنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ ھۆركىرەپ يىغلاپتىمەن.... "ئاتا، جېنىم ئاتا، سىز ھايات ئىكەنسىز ..." دېگىنىمچە ئاتامنى قۇچاقلاپتىمەن. قەدىردان ئاتاجاننى باغرىمغا چىڭ بېسىپتىمەن...

كۆزۈمنى ئۇۋۇلىغان پېتى ئويغۇنۇپ كېتىپتىمەن. بېشىمنى كۆتۈرۈپ، يان تەرەپتىكى كىچىك شىرە ئۈستىگە قويۇلغان سائەتقا قارىسام، ئۇنىڭ ستىرېلكىسى سائەت 6:30 كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

مەرھۇم ئاتام مىلادى 2017- يىلى 3- نويابىر كېسەل سەۋەبى بىلەن بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشقان ئىدى. ئەل- يۇرت قەدىردان ئاتامنى ئالدىدىن ياسالغان ئۆز قەبرىسىگە دۇئا - تىلاۋەت ۋە ھۆرمەت- ئىززىتى بىلەن نامىزىنى چۈشۈرۈپ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيان مازارگاھى بولغان شايار ناھىيەسىنىڭ تويبولدى بازىرى، يېڭىچىمەن كەنتىدىكى ئەلگە مەشھۇر "شادئېلى مازارلىغى" غا دەپنە قىلغان ئىدى. مەن مەرھۇم ئاتامنىڭ يالغۇز پەرزەنتى ئىدىم. گەرچە ئىستىبدات خىتاي فاشىستلىرى سەۋەبلىك مەن ئاتامنىڭ سەكراتتىكى ئىسسىق يۈزىنى كۆرەلمىگەن، تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ، ئاخىرەتكە ئۇزىتىشتەك پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىغان بولسامۇ ئامما ئەل - يۇرت مېنىڭ يوقلىغىمنى بىلىندۈرمەي ئاتامنىڭ ئاخىرەتلىگىنى ئۆز قائىدە- يوسۇنلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈپ، ئۇ دۇنيانىڭ رەھمىتىگە ئۇزاتقان ئىدى.

مەن مىلادى 2019- يىلى ماي ئېيىدا گۇگىل خەرىتىسى ئارقىلىق ئاتامنىڭ قەبرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان "شادئېلى مازارلىغى" نىڭ نائىنسانى خىتاي فاشىست ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىپ، تۈزلىۋېتىلگەنلىگىنى بايقاپ، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى بۇ جىنايىتىنى غەربتىكى چوڭ ئاخباراتلار ئارقىلىق دۇنياغا بىلدۈرۈپ، ئىنسانلىقنى ھىمايە قىلىدىغان دۆلەتلەرنى ۋە جاھان ئەھلىنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى توختۇتۇش ئۈچۈن ھەركەت قىلىشقا چاقىرىق قىلغان ئىدىم.

مەرھۇم ئاتامنىڭ ۋاپات بولغىنىغا دەل 3 يىل ۋە 3 كۈن تولغان كۈنى ئۇنىڭ تەبەسسۇمگە تولغان خۇش چىرايىنى ئۆز ئۆيۈمنىڭ بوسۇغىدا كۆردۇم. قەدىردان ئاتاجاننىڭ نۇرلۇق يۈزى بىلەن چۈشۈمدە دىدارلاشتىم.

سەھەردە مەرھۇم ئاتام ئۈچۈن ۋە پۈتكۈل ئۇيغۇرنىڭ قەبرىسىز قالغان سان- ساناقسىز قەھرىمان ئاتىلىرىنىڭ، مېھرىبان ئانىلىرىنىڭ، جەسۇرانە باش ئەگمەس پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇ دۇنيادا بولسىمۇ روھىنىڭ ئەركىن بولىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدىم.

باللىرىم بىلەن ناشتىلىقتا بىللە ئولتۇردۇق. مەن باللىرىمغا «سىلەرگە ئېيتىدىغان بىر گېپىم بار» دەپ، تاڭ سەھەردە كۆرگەن چۈشۈمنى ئەينەن ئېيتىپ بەردىم. ئامما سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم... ئىختىيارسىز كۆز چاناقلىرىمدىن ئوخچۇپ چىقىۋاتقان ئىسسىق ياشلىرىم سىم - سىم يامغۇردەك مەڭزىمنى سۆيۈپ ئۆتۈپ، ئاستا - ئاستا ياڭاقلىرىمغا، ئاندىن بويۇنلىرىمغا ئاقماقتا ئىدى.

ئىككى قىزىم يۈگۈرۈپ كېلىپ "دادا..." دېگىنىچە مېنى بوينۇمدىن قۇچاقلىدى.

مەنمۇ قىزلىرىمنى چىڭ قۇچاقلىدىم، ئۇلارنىڭ مەسۇم كۆزلىرىگە بىر ھازا تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىنكى سۈكۈتلۈكنى ئۆزۈم بۇزۇپ، يۈرىكىمدىكى سۆزلىرىمنى ئېيتتىم:

- بۇ دۇنيادا ئاتا- ئانا ۋە پەرزەنت ئارا مۇھەببەتتىنمۇ چوڭقۇر ۋە چىن مۇھەببەت يوق. بىز ھەممىمىز بۇ دۇنياغا بىر مەھەل مېھمان، بىز ئاتا- ئانىمىزنىڭ خوشاللىق ياشلىرى بىلەن بۇ دۇنياغا كېلىمىز ۋە ئاتا - ئانىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ جۇدالىق ياشلىرى بىلەن ئۇزىتىمىز. مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن، مەن بۈگۈن ئاتام ئۈچۈن ياش تۆككەنگە ئوخشاش سىلەرمۇ مەن ئۈچۈن ياش تۆكىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ. مەن ئاتامنى قانچىلىك سېغىنغىنىمدەك، ئاتامنىڭ قەدرىگە قانچىلىك يەتكىنىمدەك، سىلەرمۇ مېنىڭ قەدرىمگە شۇنداق يېتىسىلەر، مېنى سېغىنىسىلەر. ئاتا- ئاناڭلار ئۈچۈن ياش تۆكىسىلەر... بۇ ھايات شۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە شۇنداق داۋاملىشىدىغان ھاياتتۇر.

توغرا، ھايات شۇنداق داۋاملىشىدۇ. ئادەملەر بۇ دۇنيادا ئاتا- ئانا پەرزەنتنىڭ مۇھەببىتىگە، پەرزەنت ئاتا- ئانىنىڭ مۇھەببىتىگە قانماي بۇ دۇنيادىن خوشلىشىدۇ. شۇڭا ئاتا- ئانىسى ھاياتلار، ئاتا- ئانىڭىزنى قەدىرلەڭ، ھايات ۋاقتىدا قانچىلىك قولىڭىزدىن، ئىمكانىڭىزدىن كەلسە، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋېلىڭ، ئۇلارنى ھايات ۋاقتىدا رازى قىلىپ، دۇئاسىنى ئېلىۋېلىڭ، بولمىسا بىر ئۆمۈر يۈرەك ئازابى بىلەن ئارماندا ياشايسىز.

ئاللاھىم، پۈتكۈل مەزلۇم ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ قەدىردان ئاتا- ئانىلىرى ئامان بولسۇن. بىزدىن ۋاقىتسىز ۋىدالىشىپ كېتىپ قالغانلارنىڭ روھلىرى فىردەۋس جەننەت ماكاندا بولسۇن! يېقىن بىر كەلگۈسىدە، بىزگە شۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇبارەك نامسىز قەبرىلىرىنى تېپىپ چىقىشقا، بۇزۇۋېتىلگەنلىرىنى قايتا قۇرۇپ چىقىش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىزلەرگە نېسىپ بولسۇن. ئۇيغۇرنىڭ تىرىكلىرى ئەمەس، ئۆلۈكلىرىمۇ گۆرىدە خورلىنىۋاتقان ئەشۇ غېرىبانە قەبرىلىرىمىزنى تاۋاپ قىلىش، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە گۈل- دەستىلەر قويۇش بىزلەرگە نېسىپ بولسۇن، ئامىن!



ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن،
2020- يىلى، 7- نويابىر لوندون.

www.uyghurkitap.com



## Государственный департамент США исключил из списка террористических организаций группу «Исламское движение Восточного Туркестана»

Некоммерческая правозащитная организация (CFU) заявила, что Китай использовал обозначение Исламского движения Восточного Туркестана (ETIM), как террористическую организацию для геноцида уйгуров. Вследствие чего людей группы, связанных с движением (ETIM) обвиняли в надуманном терроризме, запрещая тем самым выражать свою этническую идентичность и религиозные убеждения.

- Как утверждают активисты CFU, госсекретарь США Майк Помпео заявил о том, что вычеркивает ETIM из террористического списка после почти двух десятилетий нахождения в нем, что привело к ослаблению антитеррористического предлога Китая для подавления уйгуров в Синьцзяне.

- Группа была исключена из списка иностранных террористических организаций в соответствии с законом об иммиграции и гражданстве.

- отметил госсекретарь Соединенных Штатов Америки.

В заявлении некоммерческой правозащитной организации (CFU) говорится, что... «несмотря на любые внутриполитические изменения, Соединенные Штаты должны продолжать решительно идти по тому же пути, чтобы привлечь китайский режим к ответственности. Китаю нельзя и не следует снова доверять как международному союзнику». В нем отмечено, что предыдущее назначение можно рассматривать как прямое преклонение перед китайскими властями и как действие, придающее легитимность жестокой лжи, которую совершает режим, нанося ущерб миллионам людей.

«Международное сообщество




наблюдает, как режим Китая, отказывается относиться к другим нациям справедливо и транспарентно и, самое главное с достоинством к человеческим жизням. Мы искренне надеемся, что все признают реальность того, как Китай построил свой ложный нарратив, чтобы изобразить целую этническую группу экстремистами, в то время как они просто десятилетиями стремились жить со свободой, исповедовать свои убеждения», - особо подчеркнуто в заявлении.

Рушан Аббас, исполнительный директор правозащитной организации (CFU) сказала:

- Мы надеемся, что новая администрация США продолжит жизненно важную работу в этом направлении. Следует признать, что КПК лишь продолжает свою историю вопиющего нарушения обещаний, попирая при этом права человека и совесть всего мира.

Правозащитная организация также заявила, что Соединенные Штаты должны продолжать отстаивать ценности человечества, необходимые для исключения ложной дружбы, которую предлагает Китай.

Этот шаг США (исключение движения из списка террористических организаций) был предпринят на фоне всемирного осуждения политики Китая в Синьцзян-Уйгурском автономном районе, где большое население мусульманских меньшинств содержится в лагерях перевоспитания.

По данным официальных лиц США и экспертов ООН, около семи процентов мусульманского населения Синьцзяна было заключено в расширяющуюся сеть лагерей «политического перевоспитания». Однако Китай регулярно отрицает



такое жестокое обращение и заявляет, что в лагерях людям обеспечивают профессиональную подготовку.

**«МК-АЗИЯ», №46, ноябрь, 2020 г.**

***P. S. Сильнейший удар по пекинским фальсификаторам***

*Недавнее заявление госсекретаря США Майка Помпео об исключении Исламского движения Восточного Туркестана (ETIM) из списка иностранных террористических организаций застало врасплох стратегов из Поднебесной. Десятилетиями власти Китая, чтобы показать уйгуров на международной арене в неприглядном виде, старались, и стараются на них навешивать ярлыки «террористов», «религиозных экстремистов» и «сепаратистов». Любое сопротивление и протест уйгуров против грубых нарушений прав человека, творимыми китайскими властями караются жестокими репрессиями и смертью. Исламское движение Восточного Туркестана Китай использовал и использует сегодня эту организацию уйгуров как террористическую организацию, оправдывая свою государственную политику террора в отношении уйгурского народа.*

*Исключение Исламского движения Восточного Туркестана из списка иностранных террористических организаций – это сильнейший удар по китайским фальсификаторам, и все это является большой победой прогрессивных сил мира и демократии над силами лжи и лицемерия!*

***Абдурахим Хапизов,***
***магистр политических наук***

## Лагеря для интернированных в Аксу СУАР разделены крематорием

Два лагеря для интернированных, недавно идентифицированные с помощью спутниковых снимков в Синьцзян-Уйгурском автономном районе (СУАР) на северо-западе Китая, похоже, разделены кладбищем и крематорием, что вызывает опасения, что власти работают над сокрытием смертей в этих учреждениях.

Ранее на этой неделе Бахтияр Омар, директор Норвежской уйгурской базы данных по правосудию переходного периода (UTJD), предоставил уйгурской службе RFA изображения из Google Earth Pro, на которых ясно видно строительство лагерей и связанных с ними заводов за пределами резиденции Аксу СУАР. (на китайском языке, Акэсу) префектура с 2017 по 2019 год.

Лагеря являются частью обширной сети аналогичных учреждений на всей территории СУАР, где, как полагают, с начала 2017 года региональные власти удерживали до 1,8 миллиона уйгуров и других мусульманских меньшинств. Судя по изображениям, предоставленным Омаром, строительство двух лагерей за пределами Аксу - города с населением 660 000 человек на северной окраине пустыни Такламакан - началось в 2017 году, а фабрика



***Кладбище на окраине города Аксу в СУАР***

появилась поблизости в 2018 году.

«Эти фотографии являются неопровержимым доказательством того, что центры так называемого« добровольного перевоспитания» и «профессионального образования» в Уйгурском регионе - это не просто лагеря, которые управляются в стиле тюрем, но и что политика Китая в отношении лагерей сочетается с 2018 года принудительным трудом », - сказал Омар RFA.

Кроме того, он указал на снимки, на которых видно большое кладбище, расположенное в километре от двух лагерей, с большим зданием и парковкой, иногда с десятками белых автомобилей, которые были построены посреди территории в 2017 году.

«Строение, кажется, состоит из нескольких этажей и большого размера», - сказал он. «Если крематорий расположен в этом здании, то не случайно, что он будет расположен между двумя лагерями».

Адриан Зенц, недавно опубликовал в Твиттере новый спутниковый снимок одного из лагерей Аксу, который он описал как «лагерь для интернированных площадью 100 000 кв. заводской комплекс» и изображает выстроившихся во дворе задержанных.

Зенц также отметил структуру, обнаруженную Омаром на близлежащем кладбище, выразив обеспокоенность тем, что рядом с лагерями могло быть место кремации и что власти могли «скрыть» случаи смерти в лагерях.

«Похороны были проведены очень скрытно и жестко», - сказал он о свидетельских показаниях.

Предыдущий отчет RFA подтвердил, что власти в срочном порядке строили места кремации одновременно с расширением системы лагерей в различных частях СУАР. Согласно информации на общедоступном веб-сайте Синьцзянской сети информации о развитии и строительстве, в период с марта 2017 года по февраль 2018 года было построено девять центров кремации, в том числе в Аксу.

В июне 2018 года RFA стало известно об учреждении, созданном властями в округе Аксу Шаяр (Шая) за счет инвестиций в размере 8 миллионов юаней (1,2 миллиона долларов США), которые полиция использовала для тихой кремации тел «меньшинств».

Зенц сказал, что, хотя рост кремации в СУАР, с одной стороны, связан с необходимостью избавляться от тел, она также используется для убеждения уйгуров и других меньшинств отказаться от традиционных мусульманских похоронных обрядов.

***Гульчехра Ходжа***



## ئابدۇقادىر جالالىدىن

# يانارىم يوق

بىر بۇلۇڭدا يېگانىمەن نىگارىم يوق،
كېچىلىرى قارا باستى تۇمارىم يوق.
بۇ ھاياتتىن ئۆزگە يەنە خۇمارىم يوق،
جىمجىتلىقتا خىيال ئەزدى ئامالىم يوق.

مەن كىم ئىدىم نېمە بولدۇم بىلەلمىدىم،
كىمگە دەيمەن دىل سۆزۈمنى دېيەلمىدىم.
يا پەلەكنىڭ خۇي پەيلىنى سېزەلمىدىم،
يار قېشىڭغا باراي دەيمەن قارايىم يوق.

پەسىللەرنى بىلىپ تۇردۇم بۇرجەكلەردىن،
ھېچبىر خەۋەر ئالالمىدىم چېچەكلەردىن.
بۇ سېغىنىش ئۆتۈپ كەتتى سۆڭەكلەردىن،
قانداق يەر بۇ بارارىم بار يانارىم يوق.



## ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

# ئىسمىم

مەن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت
لېكىن ئىسىم مەندە مۇساپىر
ئۆمۈچۈك توردەك كىيىلگەن ماڭا
بەلكىم ئۇ قېچىپ كەلگەن
مەن بىرىپ باقمىغان ماكاندىن
تەكلىماكانغا.
خاتا يېزىلغان تېخى
خۇددى ھاياتىمدا خاتا سۆيگەن
تۇنجى قىزدەك،
ھەم بەكلا ئۇزۇن
خۇددى سېغىنىشىمدەك،
ئاخىرى يوق خىياللىرىمدەك،
ھېچكىمگە ئېيتالمايدىغان ئازابلىرىمدەك
چېقىلغان مەسچىتلەرگە ئوخشايدۇ
بەزەن
بەزىدە ئاتامدىن قالغان كونا قەبرىگە،
يەنە بەزىدە يۇپيۇملاق كۇچا نېنىغا
چېگرادەك ئەگرى-بۈگرى سىزىقلىرى
ئايلاندۇرار مېنى
ئاتامنىڭ قەبرە بېشىدىكى بىر تۈپ
قارىياغاچقا.
ئاتام پەيغەمبەر ئەمەس ئىدى مەن
تۇغۇلغاندا
لېكىن پەيغەمبەردەك قوغلاندۇق
يۇرتىمىزدىن
«مۇھەممەت» ئىسمىدا
مىڭ يىللىق شامالدا ئۆپرىغان تاشتەك
ئېسىپ قويۇلغانسەن پەقەت مۇزبېي تېمغا
تىرىكى كىرىپ ئۆلىكى قالىدىغان
ئەي مۇزبېي
راست - يالغىنى ئوخشاش ئەي دۇنيا
ئۇچۇق كەتكەن كۆزلەرنىڭ
قان داغلىرىدا
ئىسىملار چېچەكلەر قۇم رەڭگىدە
ئەگەر ئىسمىم خالىسا مېنى مەن ئۆلگەندە
ئىسمىم بىلەن يۇيۇڭلار مېنى.

## ئەنۋەر ھامىت

# يۈرەك كېسىلى

ئاڭلىدىڭمۇ؟
پالانى شائىر ئۆلۈپ كېتىپتۇ
پالانى دوكتور تۇگەپ كېتىپتۇ.
پالانى يازغۇچى قازا قىپتۇ.
پالانى مۇئەللىم ۋاپات بوپتۇ،
پالانى ساخاۋەتچى،
پالانى پروفېسسور،
پالانى دوختۇر...
پالانى ئېنژېنىر
ۋاي تېخى تونۇگۇن كۆرگەنتىمغۇ؟
قايسى كۈنى كوچىدا،
ھېلىقى تويدا،
تېلېۋىزوردا،
كوچىدا...
چۈشۈمدە..

قانداق تۇگەپ كېتىپتۇ؟
كېسىلى بارمىكەنتۇق - يا؟
... يۈرەك كېسىلى
... ياپياشتى تېخى،
قىرىققا ئەمدى كىرىپتىكەن
ۋاي ئەمدى تېخى قىرىق ئۈچتى
قىرىق بەشتى
قىرىق سەككىزتى
ئەللىك بىرتى...
دىققەت قىلايلى جۇمۇ،
تەكشۈرتۈپ باقايلى ئۆزىمىزنى،
مېنىڭ ئىچىم ئاغرىيدۇ،
مېنىڭ ئىچىم سىقىلىدۇ،
مېنىڭ ئىچىم پۇشىدۇ،
مېنىڭ ئىچىم ئېچىشىدۇ،
مېنىڭ ئىچىم سىيرىلىدۇ،
مېنىڭ ئىچىم قايىنايدۇ،
مېنىڭ ئىچىم يانىدۇ،
مېنىڭ ئىچىم كۆيىدۇ،
مېنىڭ ئىچىم ئۆرتىنىدۇ،
مېنىڭ ئىچىم ئادايدۇ...
مېنىڭ ئىچىم،
ئىچىمدە بىلىمەن،
ئىچىمگە تىنىمەن،
ئىچىمدە يىغلايمەن،
ئىچىمگە سىغدۇرىمەن.
ئىچىمگە ئالىمەن...

---

ئۇيغۇرچىدىكى "ئىچىم" نى
يۈرەك دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ.

## يارغول

# سېنى كۆرىمەن

ئەينەك پارچىلىرىدا سېنى كۆرىمەن،
سىم تورلارنىڭ كەينىدە سېنى كۆرىمەن،
تارتىش كۈچىنىڭ ئامالسىزلىقىدا
سېنى كۆرىمەن،

باشقا ئادەمگە ئايلانغىنىمدا،
بارچە ئادەمگە ئايلانغىنىمدا،
تەنھا قالغىنىمدا ۋە
تەلتۆكۈس يوقالغىنىمدا سېنى كۆرىمەن،

كۆز ياشلارنىڭ ئەكسىدە سېنى كۆرىمەن،
غۇۋا نۇرلارنىڭ تىترىشىدە
سېنى كۆرىمەن،
نۆلنىڭ سايىسىدا سېنى كۆرىمەن،

سەن مېنى كۆرەلمەيدىغان جايلاردا،
ئاۋازىم ئاڭلانمايدىغان جايلاردا،
مەڭگۈ بارالمايدىغان جايلاردا
سېنى كۆرىمەن.

مۇمكىنسىزلىككە تۇتىشىدىغان يوللاردا،
قاراڭغۇدىنمۇ قاراڭغۇلاردا،
ئۆلۈكلەرنىڭ كۆزىدىكى دەريادا
سېنى كۆرىمەن.

بوشلۇقنىڭ سىرتىدا سېنى كۆرىمەن،
مەھرۇملۇق گۈگۈمىدا سېنى كۆرىمەن،
ناخشىلارنىڭ تىنىقىدا،
توغرالغان تەرخەمەكنىڭ پۇرىقىدا،
دېرىزىلەرنىڭ غىچىرلىشىدا،
زاماننىڭ يارىسىدا سېنى كۆرىمەن.

يىپيېڭى بىر تىلدا سېنى كۆرىمەن،
قەدىمىي ئۇسسۇلدا سېنى كۆرىمەن،
قايتىلانماس دولقۇندا سېنى كۆرىمەن،

دېڭىزغا قاراۋاتقان بۇلۇتلاردا،
ئۇزۇپ كېتىۋاتقان قۇشلاردا،
ئىسىم قويۇلمىغان ئۆسۈملۈكلەردە
سېنى كۆرىمەن.

سېنى كۆرىمەن،
سېنى كۆرىمەن...

سەككىز تەرەپتە سېنى كۆرىمەن،
چەكسىز تەرەپتە سېنى كۆرىمەن...

سەن يوق جايلاردا سېنى كۆرىمەن،
مەن يوق جايلاردا سېنى كۆرىمەن...

دەرۋازىسى قۇلۇپلانغان قورۇق
ھويلىدەك،
شۇ قەدەر سىرلىق،
شۇ قەدەر بىھۇدىسەن.

بۇيۈك تەشۋىشتە سېنى كۆرىمەن.

## پاراچ

# ئۆلتۈرۈلىدىغان كۈن

بۈگۈن قوياشنىڭ بىر كۈنى،
بۈگۈن مېنىڭ كۈنۈم.
بۈگۈن ئەسلى مەن ئۆلتۈرۈلىدىغان
كۈن ئىدى،
باغرىمدىن كۆپ-كۆك قانلىرىمنى
ئېقىتىپ
داداڭدەك،
بالامدەك،
ئايالىدەك،
ئۆز تۇپرىقىمغا قانلىرىمنى سۈركەپ،
لەززەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى،
راستچىللىقنىڭ جان بىلەن
ئۆتىلىدىغانلىقىنى
ئىسپاتلايدىغان كۈنۈم ئىدى.

بۈگۈن قۇربانلىق مەن ئىدىم.
ئەي، ئادەملەر!
ئەي، ئۆلتۈرىدىغانلار!
ئەي، ئۆلتۈرۈلىۋاتقانلار!
تالىلىشىڭلارنىڭ ھەممىسى بىر رەڭ.
ئەسلى مىنى ئاتىشىڭلار كېرەك
ئىدى ئىسمائىلدەك،
غىلىپىدىن چىقىرىشىڭلار كېرەك
ئىدى جىنىڭلارنى،
ئىبراھىمنىڭ پىچىقىدەك.

يالغانچىلىق قىلىۋاتىسىلەر،
بىلىڭلارنىڭ سۇنىشىدىن قورقماي،
ئالداۋاتىسىلەر
ئالدىنىۋاتىسىلەر.
ئەسلى ئۆلتۈرۈلىدىغىنى بىز ئىدۇق
بىر چىمدىم تۇپراق ئۈچۈن.
قازانلاردا قايناۋاتقان قان
ئەسلى بىز ئىدۇق.
بىلەيلەر،
كانارىلار،
ئارغامچىلار،
ماكچىيىپ ياتقان چىشلار،
ۋاشاڭ قىلىنغان پۇتلار،
دىماقلارنى ئېچىشتۇرالمايدىغان
پۇراقلار،
يۈرەكلەردىكى ۋەتەنگە ئوخشايدىغان
ياماقلار
بىزنى قۇربانلىق قىلىشى
كېرەك ئىدى،
كۆپ-كۆپ قانلىرىمىز كۆپ-كۆك
كەپتەرلەرگە ئايلىنىشى كېرەك ئىدى.
پۇتلىرىمىز بۇ تۇپراقلاردا
ئىسسىماسلىقى كېرەك ئىدى،
ئىسسىغان پۇتلارنىڭ پوقتەك
پۇرايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمىز.

بۈگۈن مەن ئۆلتۈرۈلىدىغان كۈن.
ياشلىرىم بىلەن ،
تازىم ۋە يىلىنىشلىرىم بىلەن،
خۇپسەنلىكىم بىلەن ئەمەس
قەشقەردىن ئىستانبۇلغا ئېقىۋاتقان ،
ئىستانبۇلدىن قەشقەرگە سىڭىپ
كەتكەن
ھېلىقى تاتلىق قانلار بىلەن
ھېلىقى تاتلىق خىيانەتلەرنى
لاتىدەك يىرتىشىم كېرەك ئىدى.

ئىسسىغان پۇتلارنىڭ بۈگۈن
قوتاندىن چىققان ۋاقتى.
ئىبراھىمنىڭ كۆك قوچقىرى،
تاشنى يارغان پىچىقى
ئۇلارنى ئىزدەپ كەتتى
قوتان ئۈچۈن
قوتان ئۈچۈن....

بۈگۈن ئۆلتۈرۈلىدىغان كۈن ئىدى،
قازان ئۈچۈن قان تۆكۈلگەندەك،
ۋەتەن ئۈچۈن جان تۆكۈلىدىغان
ئۆلۈم كۈنى ئىدى.
ھەممىسى بىر چىمدىن تۇپا ئۈچۈن
ئۆلتۈرۈلىشىمىز كېرەك ئىدى،
ئۆلمەيدىغانلار ئۈچۈن.

www.uyghurkitap.com



## Тейипҗан Илиев тоғрисида әслимиләр

***1-әслимә. Тонушуш***

1956-жили мән Шинҗаң институтиниң физика синипида оқуп жүргән вақитлирим, күз күнлириниң бирида, 56-жиллик оқуш башлаш мунасивити билән бир көңүллик кәч қизил бена, (Лутпулла Мутәллипләр оқуған бена екән) 3-қәвитидики чаққанғинә бир залида өткүзүливататти. Кәчни оқуғучилар уюшмиси уюштурулған болуп, сирттин меһманларму тәклип қилинған екән. Көңүллик кәч техи башланмиған, тәклип қилғанлар аста-аста зални толтурушиватти. Бир вақитта «Тейипҗан Илиевму келидикән» дегән гәп қулуғимға кирип қалди. Мән мошу күнгичә Тейипҗанни көрүп бақмиғачқа қандағарақ кишиду – дәп көрүшүшкә тәқәззә болдум. Мән залниң бир четидә топлушип турған савақдаш қиз-оғул достлирим билән параңлишип тураттим, залда:



- Тейипҗан кәлди, - дегән сөзләр аңлинип, һәмма ишик тәрәпкә тәлмүрди. Кәчки башқурғучи кәлгән меһманларнинң алдиға берип көрүштидә, залниң туригирәк қоюлған бош орундуқларға «буякқа мәрһәмәт»,
- дәп иззәт көрсәтти. Андин:
- Хуш кәпсиз,Тейипҗан, биз сиздин бәк миннәтдар, - деди риясәтчи.
- Әрзимәйду. Мәнму бу көңүллик кәчкә тәклип қилғанлиғимни уқуп хурсән болдум. Шинҗаң институтиниң талиплири билән бундақ учрушуш дайим болмайду. Бу бир чоң ғенимәт әмәсму – деди Тейипҗан .

Залда қайсиду бир уйғур композиторниң иҗат қилған музикиси сус аңлинип туратти. Мән Тейипҗанға йеқинирақ йәргә достум билән биллә орунлаштим. Мән һәвәс билән шаирға қаридим. У, шу чағда 26 яшта болуши керәк. Иллиқ чирай, қарақаш, чоң-чоң қара қой көзлири күлүп туридиған, сәл бөдрә қара чашлири бәк ярашқан, йеқимлиқ бир киши екән. Мән униң йениға берип көрүшишкә жүрьәт қиламидим. Бирақ, у қәлбим түридин орун алди, десәмму болиду. Бир күн болмисиму-бир күни униң билән тонушумән, дәп өзәмгә-өзәм вәдә бәрдим. Залда адәмләр риясәтчиниң мөлчәри бойичә тошқан еди. Залниң чөрисигә там яқилитип орундуқлар қоюлған болуп, оттуриси кәң-таша очуқ еди. Риясәтчи мундақ деди:

- Йолдашлар, бүгүн биз бу кәчкә шаир Тейипҗан Илиевни тәклип қилған едуқ. Тейипҗан тәклибимизни рәт қилмай қәдәм тәшрип қәпту. Биз шаирни қарши алайли, - девиди, залда қизғин чавақлар, қизғин қарши алимиз дегән садалар янрап кәтти. Тейипҗан: - рәхмәт сизләргә, дәп ипадә билдүрди.

Риясәтчи: биз бүгүн вақитни ғенимәт билип - Тейипҗанни, инқилавий шаиримиз Лутпулла Мүттәллип һәққидә сөзләп беришини көпчилик намидин тәләп қилимиз, - деди. Тейипҗан:

- Мән бүгүн мошу қизил бенаға тәклип қилинған екәнмән, от жүрәк шаиримиз һәққидә икки еғиз гәп қилишқа һәққим бар. У мошу бенада (сипәндә) оқуп, жамайәткә йүзләнгәндә сурғун қилинди. У Ақсуда өзиниң җәңгиварлиғини көрсәтти. Шеирларни язди. Сәһнә әсәрләрни язди.

Һәтта өзи ролларға чиқип ойниди. Ахири зулумға қарши «Яш учқунлар тәшкилатини» қурди. Күрәшни давамлаштурди. Бирақ виждансиз хаинлар уни вә униң сәпдашлирини сатти. Ахири уни бизниң Уч вилайәт миллий әрмиямиз Ақсуға бесип кириш һарписида түрмә башлиғи өз қоли билән етип өлтәрди. Биз йәнә шундақ отлуқ шаиримиздин айрилип қалған едуқ. Биз униң муддиасини әмәлгә ашуруп, униң йолида меңишимиз керәк еди. Биз уни әмәлгә ашуралмайватимиз. Бир күнләр келип Мутәллипниң арзуси әмәлгә ешип қалар, - дәп сөзини түгәтти. Залда гүлдирас алқишлар янриди. Чавақлар үзүлмәй челинди...

Шу көңүллүк кәчкә қатнашқандин бери, зади хәтиржәм болалмидим. Тейипҗанниң инилири Ибрайимҗан, Иминҗан, Кейюмлар (һәдисиниң балиси) мениң ағинилирим еди. Шулар билән техиму йеқин болуп жүрүп Тейипҗан вә униң аилә тавабәтлири билән йеқиндин тонушуп ака-инидәк болуп жүргәнлиримдә Тейипҗан öнчи-милләтчи атилип Турпан Бойлиққа сүргүн қилинди. Бир нәччә жил шу гуншида деһқан болуп ишлигән...

***Осман Турди***

*(Давами кейинки санда)*

## Уйғур тилида
## әҗдат, әвлат, уруқ, туққан намлири

***Әҗдат** = өзидин бурунқи ата бова*
***Әвлат** = өзидин кейинки бала жақа*
***Уруқ** = өзи билән ата нәсиллик йәни уруқдаш*
***Туққан** = өзи билән ана нәсиллик йәни қандаш*

*Өзи = дада болған өзи*
*Чоң дада = өзигә нисбәтән иккинчи әҗдат*
*Ата = өзигә нисбәтән үчинчи әҗдат*
*Баба = өзигә нисбәтән төртинчи әҗдат*
*Әҗум = өзигә нисбәтән бәшинчи әҗдат*
*Қаң = өзигә нисбәтән алтинчи әҗдат*
*Ағун = өзигә нисбәтән йәттинчи әҗдат, йәни улуқ баба*

*Бала= дада болған өзигә нисбәтән иккинчи әвлат*
*Нәврә = өзигә нисбәтән үчинчи әвлат*
*Әврә = өзигә нисбәтән төртинчи әвлат*
*Чәврә = өзигә нисбәтән бәшинчи әвлат*
*Пәйнәврә = өзигә нисбәтән алтинчи әвлат*
*Кукунәврә = өзигә нисбәтән йәттинчи әвлат*

*Өзи = биринчи әвлат өзи*
*Ана = өзигә нисбәтән иккинчи әҗдат*
*Мома = өзигә нисбәтән үчинчи әҗдат*
*Улуқ мома = өзигә нисбәтән төртинчи әҗдат*
*Бой мома = өзигә нисбәтән бәшинчи әҗдат*
*Әҗум мома = өзигә нисбәтән алтинчи әҗдат*
*Өгә мома = өзигә нисбәтән йәттинчи әҗдат*

*Дадаға, дадаги= дадиниң аға яки инилири*
*Атаға, атаги= атаниң аға яки инилири*
*Бабаға, бабаги= төртинчи әвлат әҗдатниң аға яки инилири*
*Апаға, апаги= даданиң ача-сиңиллири, һәмма =әммә*

*Өзи= ө зи*
*Ана= өзиниң аниси*
*Мома= аниниң аниси*
*Улуқ мома=моминиң аниси*
*Бой мома= улуқ моминиң аниси*
*Әҗум мома= улуқ моманиң аниси*
*Өгә= улуқ моминиң аниси*
*Момаға=моминиң ағиси*
*Момаги=моминиң иниси*
*Егә мома=моманиң ачиси*
*Иҗи мома=моминиң сиңлиси*

*Ака, ука=нәсилдаш яки қандаш әрләр*
*Ача, сиңил=нәсилдаш яки қандаш аяллар*
*Иккизәк = қошкезәк балилар*
*Имилдәш= бир анини әмгән әр яки аял*
*Әтәгә= бала баққучи әр*
*Әнәгә= бала баққучи аял*
*Өгәй= дада яки аниниң биригә ят бала*
*Тағиана= тағиниң хотунлири, айла*
*Қуда, кейин буян = тойлашқан оғул қизниң ата анилири*
*Қош қуда = һәр икки оғул, қизи өзи ара тойлашқан ата анилар*
*Кейнағун= кейината яки кейинананиң ата анилири*
*Кейната= тойлашқан оғул яки қизниң дадиси*
*Кейнана= тойлашқан оғул яки қизниң аниси*
*Кейнаға = тойлашқан әр яки хотунниң ағинлири*
*Юрч= тойлашқан әр яки хотунниң инилири*
*Куйоғул= қизиниң ери*
*Келин= оғлиниң хотуни*
*Йәңгә= ака яки ағаниң хотуни*
*Баҗа= тойлашқан әрниң ача сиңиллириниң ери*
*Тул= ери йоқ аял*
*Бойтақ =хотуни йоқ әр*
*Чокан, сикиләк, қудуз = әргә тәгкән яш аял*
*Жуван=парсчә сөзи*
*Житим= ата яки аниси өлүп кәткән бала*
*Қара житим= ата анилири өлүп кәткән бала*
*Обушқа= яшанған әр*
*Орағут= яшанған аял*
*Киши= әргә нисбәтән өзи аяли яки аялға нисбәтән өзи ери*
*Күдән= балиға исим қоюш мурасими*
*Гүл қойғу= қиз оғуллири үчүн лайиқ таллаш мурасими -*
*Қандаш= әҗдатлири, нәсилдашлар*
*Бойдаш= сой қәбилиси би рләр -*
*Ағунлар= әҗдат йилтизи иптидаий жәмийәттин башланғанлар*
*Оғушлар= әҗдадиниң изини басқанлар*
*Әлкүн=аһалә,җамаәт,хәлқиалә*
*Әл юрт= юрт әһли, жамаәт*
*Өзи= өзи хәлиқ*
*Өзигә= ят хәлиқ*
*Имрәм= юрт ичидин бир орта иш үчүн топланған хәлиқ*
*Түгән= намайиш, күч көрсүтүш*

## Әлвида, сәнъәткәр устаз



Уйғур хәлқиниң көринәрлик композитори, музикашунас, атақлиқ нахшичи, яш музикант - сәнъәтчилиримизниң маһарәтлик устази, мәшһур «Иппәк йоли садаси» талантлар конкурси жюрисиниң әзаси **Махмут Сулайман** 22-ноябрь күни Үрүмчи шәһиридә 52 йешида вапат болди.

Мәрһум Махмут Сулайман 1968-жили Қәшқәр шәһиридә туғулған, 1981-жили уйғур дияридики сәнъәт институтиниң уссул кәспидә оқуған, 1985-жили оқушни пүттүрүп Қәшқәр сәнъәт өмигидә уссулчи болуп ишлигән вә музика иҗадийити билән шуғулланған. 1990-жили «Ривайәт» музика әтритини қурған вә «Ривайәт», «Салам достлар», «Юлтузум» қатарлиқ үналғу лентилирини чиқирип даң қазанған. 2000-жиллардин кейинки нахшилиридин «Мәйлиму», «Мәҗнунтал», «Гүли рәна», «Әркәк», «Кәлмәмсән баһар», «Бу чүш әмәс», «Үч кечә» қатарлиқ нахшилири уйғур хәлқи әң сөйүп аңлайдиған нахшиларға айланған еди. Махмут Сулайман өзиниң таланти вә йетилгән сәнъәткар болуш сүпити билән, 2012-2013-жиллири «Иппәк йоли садаси» программисида йетәкчи устаз, баһалиғучи, 2020-жили 10-айда йеңидин йолға қоюлған «Мән нахшичи» программисида өзиниң яңрақ авази, тәсирлик нахшилири билән уйғурлар қәлбидә өчмәс изларни қалдурған.

Махмут Сулайман хәлқимизниң әң талантлиқ, иҗаткар, музикашунас-сәнъәткарлиримизниң, уйғур хәлқиниң муң зарини, қайғусини нахша, саз арқилиқ муңлуқ һессиятқа чалған қәлби билән сәнъәт дунясида иҗат қилип келиватқан есил оғланлиримизниң бири еди.

Махмут Сулайман өз хәлқигә, вәтинигә беғишланған чоң иҗадий байлиқни өзиниң иҗадий музика әсәрлирини, нахшилирини ташлап кәтти.

**Махмут Сулайманниң** вапати мунасивити билән, мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур тәзийимизни изһар қилимиз.Мәрһумниң исми уйғур хәлқи жүригидә мәңгү яшайду.

Мәрһумниң яткат йери җәннәттә болсун.

**Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипак» җәмийити**

## ماقال ـ تەمسىللەر

كېلىن كەلگەندە، بۆكىنى كيگىندە.
بىرىپ يامان بولغىچە، بەرمەي
يامان بول.
ئالغاننىڭ بەرمگى بار.
ساراڭغا سوت يوق.
ئاغىنەڭ قارغا بولسا، يېيىشىڭ پوق.
دوستۇڭ قارغۇ بولسا، كۆزىڭنى قىس.
يالغۇز قالغاننى بۆرە يەپتۇ.
يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس.
كېچىسى تالادا يۈرگەن بالىنىڭ
ئۆمرى قىسقا.
قاسساپ كۆپ يەردە، قوي هارام
بوپتۇ.
ئات ئېغىنغان يەردە، تۈك قالدۇ.
بىلىق يېسەڭ قىلتىرىقىغا ئاگا بول.
دوستۇڭنى سەپەردە سىنا.

ئۇرۇق ـ تۇققان ئۆلگىچە، يات
يېگىچە.
ئۆزەمنىڭ دەيمەن، ژۆگرەپ قوپۇپ
يەيمەن.
تاپقىنى گۆل كەلتۈرەر، تاپماغىنى بىر
باش پىياز.
جاندىن كەچمگىچە، جانانىغا
يەتمەپتۇ.
يوتقانىغا قاراپ پۇت سون.
ئوغۇل بولساڭ شوخ بول، بولمىسا
يوق بول.

توپلىغۇچى: كەرىم ناسىروۋ
(داۋامى كېيىنكى ساندا)

## Нураний аниларни әсләймиз

Мәһәллимиздә биз үчүн әң қиммәтлик, һөрмәткә сазавәр болған, хәлқигә көйүнгән, хәлик үчүн көп хизмәтләрни қилип, әҗир сиңдүргән, аяллирға баш пана болған һәдимиз Хәйриниса һаҗим аләмдин өтүп кәткинигә мана 4 жил болған болсиму, амма униң мубарәк исми һәр вақит биз билән биллә яшимақта.



*Хәйриниса Турдиева*

Йәнә йеқинда вапат болған, мәһәллимиздә гүл болуп яшиған Меһмангүл һәдимизниму әслидим. Меһмангүл һәдә мәһәллимиздики әң қәдирданлардин, йеқимлиқ, гөзәл, ақ көңүл, меһмандост, аилисигә ана меһрини бәргән, инсан қәдрини баһалайдиған ана дәп тонуймән. Биз өтүп кәткән Хәйриниса вә Меһмангул һәдиләрни һәр дайим әсләп яд етип турумиз. Аллаһ уларниң яткан жайини җәннәттә қилсун. Мәрһумәләрниң аилилиригә, балилириға сақ-саламәтлик тиләймән. Мениңчә, пәрзәнт үчүн бәхит дегән ата-аниси билән биллә яшаш, ана пәрзәнтини 9 ай қосақта, 3 яшқичә қолда көтүрүп, өмүр бойи уни муһапизәт қилиду. Ана һечқачан пәрзәнт үчүн яманни ойлимайду. Аниниң жүриги бу чоң тағдур. У сени һәр качан ақлайду, сән үчүн қайғулуқ дуа қилип, жүригидә сақлайду. Сениң йениңдики йолдушиң, достуң, байлиғиң, һеч қачан, һеч ким ата-аниниң орнини басалмайду. Сениң үчүн ата-анидәк сөйүмлүк һеч ким йоқтур. Шуниң үчүн ата-анимиз һаят вақтида уларни қәдирләйли, һөрмәт қилайли, уларни яхши күтәйли.



*Меһмангүл Абдуллаева*

**Гүлбәхрәм Абдуллаева**
**Әлимахун қизи**

---



Бишкәк шәһириниң турғуни
**Юнусова Әлимахан Рәхим қизи**
84 йешида дуниядин қайтти.
Мошу мунасивәт билән мәрһумәниң аилисигә, урук – туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.
Мәрһумәниң яткан жайи җәннәттә болсун.
**Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипак» җәмийити.**
**Оттуз оғул мәшрәп әһли**

---



Бишкәк шәһири, ТЭЦ мәһәллисиниң турғуни
**Мәһәммәт-Мәхсум қизи Сарийәмниң**
вапат болуши мунасивити билән мәрһумәниң аилисигә, урук – туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.
Мәрһумәниң яткан жайи җәннәттә болсун.
**ТЭЦ мәһәллисиниң җамаити**

---



Чуй вилайити, Иссиқ- Ата наһийәси, Ново-Покровка йезисиниң турғуни
**Ташмухамедов Шәмшидин Муса оғли**
84 йешида вапат болди. Мошу қайғулуқ мунасивәт билән мәрһумниң аилисигә чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз вә сәбир-тақәт тиләймиз.
**Ново-Покровка йезисиниң җамаити.**
**Урук – туққанлири.**

---



Бишкәк шәһири, 12-микрорайониниң турғуни
**Адил Қадир оғли Өмәров**
77 йешида аләмдин өтти.
Мошу мунасивәт билән мәрһумниң аилисигә, урук – туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.
Мәрһумниң яткан жайи җәннәттә болсун. Амин.
**Бишкәк шәһири, 12- микрорайониниң җамаити**

---



26 ноября после долгой и продолжительной болезни на 70 году жизни скончался
**Ибрагимов Курбантай Абдраимович.**
В связи с связи с этим скорбим и выражаем искренние соболезнования родным и близким покойного.
Пусть наши слова сочувствия поддержат вас в эту трудную минуту.
**Друзья и джамаат села Лебединовка**

www.uyghurkitap.com



## Пор-Бажын *(около 780 - около 840)*

Развалины древней крепости были обнаружены на острове геометрически правильной формы посреди озера Тере-Холь в Тыве. Крепость по единому плану построил уйгурский каган Бегю в качестве своей летней резиденции. Стены были усилены башнями, внутри располагались дворец, казармы, мастерские, склады, конюшни и жилые дома, предположительно на 3000 человек. Пор-Бажын был соединен с берегом мостом длиной в 1,3 километра. Скорее всего, город постигла военная катастрофа: остатки строений несут следы штурма и пожара. Кто его атаковал и куда делись жители - неизвестно.

«Русская история»№ 12, Москва,2020г.



*P. S. Пор-Бажын – некогда летняя резиденция каганов и крепость Уйгурского (Орхонского) каганата, располагавшийся в бассейнах рек Орхона и Селенги на территории современной Монголии, просуществовавшее в 744-840годах.*



Продолжается подписка на газету «Иттипак» на 2021-й год.
Стоимость годовой подписки – **400** сом.
Желающие подписаться обращаться к жигитбеши своего района или в редакцию газеты «Иттипак».

ھۆرمەتلك گېزتخان ئۇيغۇر ۋە رۇس تللردا
چقۋاتقان «ئتتپاق» گېزتگزغا **2021** ـ يلغا مۇشترى
توپلاش ئشى داۋاملشۋاتدۇ. گېزتكە ئۆزگز تورۇۋاتقان
جايلاردكى ژگت باشلرى ۋە گېزتمزنڭ
جانكۆيەرلرى ئارقلق يېزلشگزغا بولدۇ.
گېزتمزنڭ يللق باھاسى **400** سوم.

## Мәһәллә мәшрипи өткүзилди

14-ноябрь күни Чуй вилайити, Аламедин наһийәсиниң «Ала-Тоо» йезисида, мошу йеза жамаәтчилигиниң мәһәллә мәшрипи болуп өтти. Бу мәшрәпни уюштурған мошу йезиниң оттуз оғул мәшрәп әһли болди. Бу мәшрәпниң меһманлири қатарида Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң рәиси Әсқәржан Қасими, «Иттипақ» жәмийитиниң сабиқ рәиси Дилмурат Әкбәров, «Иттипақ» жәмийити Спорт комитетиниң рәиси, Бишкәк шәһири ТЭЦ мәһәллисиниң жигитбеши Сидиқжан Юсупһажиев, «Лебединовка» йезиси жамаәтчилигиниң жигитбеши Әркин Велямов вә «Кара-Жигач» йезиси Айыл һөкүмитиниң вәкили Мухамед Басылбаевлар қатнашти. Бу оттуз оғул өткүзиватқан мәһәллә мәшрипи 2014-жилдин тартип давам қилип кәлмәктә. Мәшрәпниң риясәтчи лавазимини тонулған яш нахшичи Шухрәт Яқубов елип барди. Мәшрәп кечиси қатнашқучилириға «Иттипақ» жәмийитиниң рәиси Әсқәржан Қасими, Дилмурат Әкбәров, Сидиқжан Юсупһажиев вә Әркин Веләмовлар тәбрик сөзләр билән чиқишти. «Иттипақ» жәмийитиниң рәиси Әсқәржан Қасими өз сөзидә әсирләр бойи давам қилип келиватқан уйғур хәлқиниң ән-әнилириниң бири – уйғур мәшрипиниң яшлиримизни тәрбийәләштә, урп-адәтлиримизни унутмаслиқта чоң ролини тәкитләп өтти вә буниңдин кейинму ата-бовилиримизниң келиватқан тәрбийәвий вә әхлақий урп-адәтлиримизни вә миллий ән-әнилиримизни сақлап келишкә чақирди.



Бу мәһәллә мәшрипиниң яхши кәйпиятта өтүшигә бизниң тонулған нахшичи, сазәндилиримиз Әркин Садиқов вә Рәпкәт Юсуповлар өзлириниң муңлуқ нахшилири вә сазлири билән чоң һәссә қошушти.

«Юлтуз» ансамбли болса өзиниң шох вә чирайлиқ уссуллири билән мәшрәп қатнашқучилириниң вә меһманларниң кәйпиятини техиму көтәрди.



***Гүлбахра Ниязова,***
***«Ала-Тоо» йезиси***